مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھېكمەتلىرى



# جىبران مۇنداق دەيدۇ


شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئېيتقانلىرى

# جىبران مۇنداق دەيدۇ

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئىلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

吉伯伦语集:维吾尔文/阿迪力·穆罕默德主编. —乌鲁木齐:新疆美术摄影出版社:新疆电子音像出版社,2008.8
(哲人之言丛书)
ISBN 978—7—80744—442—8

Ⅰ.吉... Ⅱ.阿... Ⅲ.吉伯伦(1883～1931)—语录—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.K833.785.6

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 132714 号

| | |
|---|---|
| 丛 书 名 | 哲人之言丛书 |
| 本册书名 | 吉伯伦语集 |
| 策　　划 | 穆拉提·伊力 |
| 主　　编 | 阿迪力·穆罕默德 |
| 编　　著 | 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯 |
| 特约编辑 | 哈斯亚提·依不拉音 |
| 责任编辑 | 艾尼瓦·库迪力克 |
| 责任校对 | 克尤木·吐尔逊 |
| 出　　版 | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市西虹西路 36 号 |
| 邮　　编 | 830000 |
| 发　　行 | 新疆新华书店 |
| 印　　刷 | 新疆新博文印刷有限责任公司 |
| 开　　本 | 880mm×1230mm 1/32 |
| 印　　张 | 3 印张 |
| 字　　数 | 51 千字 |
| 版　　次 | 2008 年 8 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2008 年 8 月第 1 次印刷 |
| 书　　号 | ISBN 978—7—80744—442—8 |
| 定　　价 | 9.90 元 |

(书中如有缺页,错页及倒装请与工厂联系)

# تۈزگۈچىدىن

20 ـ ئەسىر ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارى، جۈملىدىن دۇنيا نەسىرچىلىكىنىڭ پىرى جىبران خېلىل جىبران (1883 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى لىۋاندا تۇغۇلۇپ، 1931 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى نيۇ يوركتا ۋاپات بولغان) نىڭ «ياش ۋە كۈلكە»، «دانىشمەن»، «سۇنغان قانات»، «ئاسىي روھ»... قاتارلىق نەسر، ھېكايە، پوۋېستلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر كىتابخانلىرى ئارىسىدا جىبران ئەسەرلىرىگە بولغان قىزىقىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. جىبران مەشھۇر ئەرەب ئەدەبىياتشۇناسى ھانافاخۇلىنىڭ ئېيتقىنىدەك: «ھازىرقى زامان ئەرەب يازغۇچىلىرى ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك كىشىلىك خاراكتېرگە ئىگە، ئەڭ يۈرەكلىك يازغۇچىلارنىڭ بىرى» بولغاچقا، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى ناھايىتى زور كەڭلىككە ئىگە بولغان. خەلقىمىز جىبران ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۆزگىچە خاراكتېر ياراتقان يازغۇچى ئىكەنلىكىنى، روھىي دۇنياسىدا ئىنسانىيەت مەنىۋىيىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان تەپەككۇر دۇردانىلىرىنىڭ تولۇپ تاشقانلىقىنى بىلىپ يەتتى. ئەمما، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كۆپلىگەن كىتابخانلىرىمىز جىبراننىڭ ھەممە ئەسىرىنى تولۇق كۆرەلمىگەچكە، ئۇلاردىكى ھېكمەتلىك ھايات جەۋھەرلىرىدىن مەنىۋى ئوزۇق ئېلىشتىن چەتتە قالدى. مۇشۇ خىل رېئاللىقنى كۆزدە تۇتۇپ، جىبراننىڭ بىزگە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرىدىكى ھېكمەتلەرنى توپلاپ، بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتۇق.

## 1

ھايات بىزنىڭ ئارزۇ ــ ئۈمىدلىرىمىزگە دائىم ئاچچىق مۇئامىلە قىلىدۇ.

## 2

ھايات پۈتكۈل ھاياتلىقتىن بۇرۇن دۇنياغا كەلگەن.

## 3

ھايات سۈكۈتتە تۇرغان چاغلىرىمىزدا ناخشا ئېيتىدۇ، ئۇخلاۋاتقىنىمىزدا چۈشلىرىمىزنى قوراشتۇرۇپ چىقىدۇ، ھەتتا بىز ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچراپ مەغلۇپ بولغان چېغىمىزدا يەنىلا ئۆزىنىڭ ئالىي تەختىدە ئولتۇرىدۇ. بىز نالە قىلىپ يىغلىغان چاغلىرىمىزدا، ئۇ كۈندۈزلەرگە قاراپ كۈلۈمسىرەيدۇ؛ بىز كىشەنلەر بىلەن بوغۇلغان چاغلىرىمىزدا، ئۇ يەنىلا ئەركىن.

## 4

ھايات سىرلىق، ئالىيجاناب ۋە يىراقتا. گەرچە سىلەر بارلىق كۆز قۇۋۋىتىڭلار بىلەن يىراققا قارىغىنىڭلاردا، پەقەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئۇنىڭ پۇتىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرەلىسەڭلارمۇ، ئۇ يەنىلا سىلەرنىڭ يېنىڭلاردا. پەقەت سىلەرنىڭ نەپسىڭلار بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ قەلب گۈلزارىغا كىرەلەيسىلەر؛ پەقەت سىلەرنىڭ كۆلەڭگەڭلارنىڭ كۆلەڭگىسىلا ئۇنىڭ يۈزىنى سىيپاپ ئۆتەلەيدۇ. سىلەرنىڭ ئۆكسۈشۈڭلارنىڭ ئەكس سادالىرى ئۇنىڭ باغرىدا باھار ۋە كۈز پەسلىنى ئاپىرىدە قىلىدۇ.

5

ھايات بىزنىڭ مۇھەببەتلىك خەزىنىمىزنى تولدۇرىدۇ.

6

تۇنۇگۈن — ئۆتكەن چۈش، ئۇ قايتىلانمايدۇ.

7

ھايات — تولىمۇ زىبا، ساھىبجامال قىز، ئۇ بىزنى مەپتۇن ـ مەھلىيا قىلىدۇ. ئۇ بىزدىن نۇرغۇن ۋەدىلەرنى ئالىدۇ، ئەگەر ۋەدىمىزدە تۇرمىساق، بىزنىڭ سەۋر ـ تاقەتلىرىمىز ئىسقا ئايلىنىپ كېتىدۇ، ۋەدىمىزگە سادىق بولساق، بىز ئەبەدىي زېرىكىش ھېس قىلمايمىز.

8

سەن بىر ئالەمنى چىشلىگەن چېغىڭدا، كۆڭلۈڭدە

ئۇنىڭغا: «سېنىڭ ھاياتلىق جەۋھىرىڭ مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا يىلتىز تارتىپ ياشايدۇ؛ سېنىڭ ئۇ ئالەمدىكى يۇمران بىخلىرىڭ مېنىڭ يۈرىكىمدە كۆكلەيدۇ؛ سېنىڭ خۇش پۇراقلىرىڭ مېنىڭ تىنىقىمغا ئايلىنىدۇ؛ بىز ئۆمۈرۋايەت بىللە شادلىنايلى» دېگەن.

## 9

تىنىمسىز ئىشلىگەن چېغىڭدا، سەن ھاياتنى ھەقىقىي سۆيگەن بولىسەن.

## 10

ئەمگەك ئىچىدە ھاياتنى سۆيگىنىڭدە، ھاياتنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ماھىيەتلىك سىرلىرى ساڭا ئايان بولىدۇ.

## 11

مۇبادا، سەن تۇرمۇشنىڭ مۇشەققىتىگە چىدىماي، ھاياتنى كۈلپەت ھېسابلىساڭ ۋە تىرىكچىلىك قىلىشنى قارغىش سۈپىتىدە پېشانەڭگە يېزىۋالغان بولساڭ، مەن ساڭا شۇنداق دەپ جاۋاب بېرىمەنكى، بۇ قارغىش سۆزلىرىنى پەقەت پېشانەڭدىكى تەرلا يۇيۇۋېتەلەيدۇ.

## 12

ئەگەر ئىلھاملاندۇرغۇچى كۈچ بولمىسا، ھايات

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى


ھەقىقەتنى قاراڭغۇ زۇلمەتتۇر.

## 13

سەن ئىشىكىڭدىن كىرىپ ــ چىقىش ئۈچۈن قاناتلىرىڭنى يىغىپ تۈگۈلمەسلىكىڭ، تورۇسقا ئۇسۇۋېلىشتىن ئەنسىرەپ بېشىڭنى ئەگمەسلىكىڭ، تامنىڭ ئۆرۈلۈپ كېتىشىدىن قورقۇپ تىنىقىڭنى توختىتىۋالماسلىقىڭ كېرەك.

## 14

ئادەم دەرەخ شېخىغا قونۇۋالغان بۇلبۇلنىڭ نېمىدەپ سايراۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ؛ شېغىل تاشلار ئارىسىدىكى بۇلاق سۈيىنىڭ نېمىدەپ شىلدىرلاۋاتقانلىقىنى، ئارقا ــ ئارقىدىن قىرغاقلا بىمالال ئۆرۈلۈپ تۇرغان دولقۇنىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ؛ دەرەخ ياپرىقىغا چۈشكەن يامغۇر سۈيىنىڭ بايانلىرىنى چۈشەنمەيدۇ؛ يامغۇر سۈيىنىڭ نازۇك بارماقلىرى دېرىزىلەرنى چەككەن چاغلاردا بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنىمۇ چۈشەنمەيدۇ؛ مەيىن شامال دالىلاردىكى گۈلچىمەنلەرگە ئېيتقان تاتلىق گەپلەرنىمۇ ئۇقمايدۇ. ئەمما، ئۇ بۇ ئاۋازلارنىڭ مەنىسىنى كۆڭلىدە بىلىدۇ ۋە چۈشىنىدۇ، شۇڭا گاھىدا شادلىقتىن ھاياجانلانسا، گاھى يەنە دەرد ــ ئەلەمدىن پىغان چېكىدۇ. بەزى ئاۋازلار ئۇنىڭ بىلەن خۇپىيانە سىردىشىدۇ. ئەقىل ــ پاراسەت ئۇنى

ئۆزىنىڭ ماھىيىتىدىن بۇرۇن ئاپىرىدە قىلغان، شۇڭا ئادەمنىڭ يۈرىكى تەبىئەت دۇنياسى بىلەن تالاي قېتىم سۆھبەت قۇرغان، ئەمما ئۇ بولسا ھېچنېمە دېمەي پەرىشان پېتى تۇرغان يېرىدە تۇرۇۋېرىدۇ ياكى كۆز ياشلىرىنى تىلىنىڭ ئورنىغا قويىدۇ. كۆز يېشى ئادەم كۆڭلىنىڭ راۋان تەرجىمىسى.

## 15

سىنىڭ تېنىڭ روھىڭنىڭ چالغۇ ئەسۋابى. ئۇ مەيلى يېقىملىق مۇزىكىلارنى ئاڭلاتسۇن ياكى يېقىمسىز ئاۋاز چىقارسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ.

## 16

سەن ئېتىز ـ ئېرىقلارغا، گۈلزار باغلار ۋە كەڭ داللارغا بارساڭ، ھەسەل ھەرىسىنىڭ شادلىقى گۈل ـ چېچەكلەردىن شىرنە يىغىش ئىكەنلىكىنى بىلىسەن؛ ئۆز شىرنىسىنى ھەسەل ھەرىسىگە تەقدىم قىلىشمۇ گۈل ـ چېچەكلەرنىڭ شادلىقىدۇر. چۈنكى، گۈل ـ چېچەكلەر — ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ ھاياتلىق بۇلىقىدۇر. ھەسەل ھەرىلىرى گۈل ـ چېچەكلەرنىڭ سۆيگۈ ئەلچىسىدۇر. ھەسەل ھەرىلىرى ۋە گۈل ـ چېچەكلەر ئۈچۈن خۇشاللىق بىلەن تەقدىم قىلىش ھەم قوبۇل قىلىش بىر خىل ئېھتىياج ھەم خۇشاللىقتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

17

كىمدۇ ۋاقىتنى كۆز ئالدىدا نامايان قىلىپ تۇرۇپ : «ماۋۇ ۋاقىت تەڭرىمگە تەۋە، ئاۋۇ ۋاقىت ماڭا تەۋە، بۇ ۋاقىت روھىمغا تەۋە، ئۇ ۋاقىت جىسمىمغا تەۋە» دېيەلىسۇن؟!

18

سېنىڭ ئۈمىدىڭ ۋە ئارزۇ ــ ئارمانلىرىڭنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا ئاخىرەت ئۇقۇمى يوشۇرۇنغان.

19

سىلەر پەقەت تىنچلىق دەرياسىدىن سۇ ئىچكەن چېغىڭلاردىلا، ئاندىن ھەقىقىي ناخشا ئېيتالايسىلەر.

20

ساڭا ئەڭ كىچىك ئىشىڭغا قاراپ باھا بەرگەنلىك خۇددى ئۈششاق كۆپۈكلەرگە قاراپ دېڭىزنىڭ ھەيۋەتلىك قۇدرىتىنى ئۆلچىگەنگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ساڭا مەغلۇبىيىتىڭگە قاراپ ھۆكۈم قىلغانلىق تۆت پەسىلنىڭ ئالمىشىشىنى ئەيىبلىگەنلىك بولىدۇ.

21

ئىلتىپات كۆرسىتىدىغان ئوڭ قولۇڭ بىلەن قوبۇل

قىلىدىغان سول قولۇڭ ئارىلىقىدا بىر پايانسىز چۆل ـ جاڭگال بار، پەقەت ئىككى قولۇڭ بىرلا ۋاقىتتا ئىلتىپات كۆرسىتىش ھەم قوبۇل قىلىشنى تەڭ ئىشقا ئاشۇرالىسىلا، ئاندىن ئىلكىڭدىكى ئاشۇ چۆل ـ جاڭگالنى گۈزەل باغقا ئايلاندۇرالايسەن. پەقەت ئىلتىپات كۆرسىتىش ھەم قوبۇل قىلىشنى بىلگىنىڭلاردىلا، ئاشۇ چۆل ـ جاڭگالنى بويسۇندۇرالايسىلەر.

## 22

سىلەر دائىم ئويلىنىسىلەر ھەمدە كېچىنى دەم ئالىدىغان ۋاقىت دەيسىلەر، ئەمەلىيەتتە كېچە ئىزدىنىش ۋە روھلىنىش ۋاقتى ئىدى.

## 23

ھايات بەخش ئەتكەن تەشنالىقتىن مىننەتدار بولغىن. قەلبىڭدە تەشنالىق بولمايدىكەن، ئۇ ھالدا قەلبىڭنىڭ سۈسىز دېڭىز ۋە قاقاس چۆللەردىن پەرقى يوق. ئۇنداق يەرلەردە مەۋج ئۇرۇپ تۇرىدىغان دولقۇنلارمۇ، ناخشا سادالىرىمۇ بولمايدۇ.

## 24

خۇددى شادلىققا تولغان جامىڭنى يالغۇز كۆتۈرگىنىڭگە ئوخشاشلا، غەم ـ ئەندىشىگە تولغان جامىڭنىمۇ يالغۇز

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتابى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگە ئادرىسى

كۆتۈرگىنىڭ ياخشى.

## 25

ئەگەر بىخەستىلىكىڭىزدىن تاشقا پۇتلىشىپ ئۇنى قارغىسىڭىز، ئۇنداقتا بېشىڭىز يۇلتۇزلارغا تېگىپ كەتسە، ئۇلارنىمۇ قارغايسىز. ئەمما، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە سىز خۇددى كىچىك باللارغا ئوخشاش تاغ جىلغىلىرىغا بېرىپ، ھەر خىل گۈل ــ چېچەكلەرنى ئۈزۈپ، تاش ــ شېغىللارنى تېرىپ يىغىپ ئوينىغان چېغىڭىزدا، بارلىق شەيئىلەردە ھاياتلىق ئۇرغۇپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ خۇش پۇراق چېچىپ تىنمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ قالىسىز.

## 26

سۆيۈملۈك ھەمراھلىرىم! تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭلار، يۈرىكىڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر يۈرەكنى، سۆيگۈڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مۇھەببەتنى، روھىڭلاردىن تولۇپ تاشقان بىر روھنى، ئاۋازىڭلار سىڭگەن بىر خىل ئاۋازنى، جىمجىتلىقىڭلاردىنمۇ چوڭقۇر ھەم چەكسىز بىر خىل جىمجىتلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭلار. سىلەر زېمىنغا ئۇرۇق چاچساڭلار، تېخىمۇ يۇقىرى جايغا يېتىسىلەر؛ قوشناڭلارغا سۈبھى گۈزەللىكىدىن شادلىنىپ توۋلىغان چېغىڭلاردا، تېخىمۇ پايانسىز دېڭىزدىن ھالقىپ بولغان بولىسىلەر.

27

ئاز گەپ بىلەن گۈزەل ھەقىقەتنى ئىپادىلەڭلار، ئەمما ئېتىقادسىز سۆزلەر بىلەن بىر بەتبەشىرە ھەقىقەتنى ئىپادىلىمەڭلار. سۈمبۈل چاچلىرى قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇرغان قىزلارنى سۈبھى قىزلىرى دەڭلار. بىراق، بىر ئەمانى ئۇچراتقان چېغىڭلاردا، ئۇنى قاراڭغۇ كېچىنىڭ بىر ئەزاسى دەپ قارىماڭلار.

28

ئۇن چىقارماي جىم تۇرۇش ياش تۆكۈپ زارلىنىشتىن قىيىنراق، ھالاكەتلەرنىڭ قورقۇنچى ۋە زۇلمىدىنمۇ ئارتۇقراق. جىم تۇرۇش ئالىيجاناب كۆڭۈللەرنى گويا ئېگىز ياردىن قايىنامغا تاشلايدۇ. بۇ جىمجىتلىق بوران – چاپقۇندىن دېرەك بېرىدۇ.

29

كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى يوشۇرۇن سىرلارنى پەرەز ۋە قىياسلار بىلەن ئېچىپ تاشلىغىلى بولمايدۇ.

30

چۈشىدە پەن – بىلىمنىڭ غۇۋۋا سايىسىدە ئۆزىنى كۆرۈپلا، ئۆزىنى كامالەتكە يەتكەن ھېسابلايدىغان،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



كۆندۈزلىرى ھەقىقەتنىڭ ئاز ــ تولا شولىسىنى كۆرۈپلا، مۇتلەق ھەقىقەتنىڭ ماھىيىتىنى پۈتۈنلەي ئىگىلىدىم دەيدىغان كىشىلەر بىلەن بىر داستىخاندا بولۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تەركىدۇنيا بولدۇم. مۇلايىملىقنى ئاجىزلىق، كەڭ قورساقلىقنى توخۇ يۈرەكلىك، ئالىيجانابلىقنى ھاكاۋۇرلۇق دەپ تونۇيدىغان نادان، ئەرزىمەس ئادەملەرگە خۇشامەت قىلىشنى خالىمىغانلىقىم ئۈچۈن تەركىدۇنيا بولدۇم.

## 31

تاڭ نۇرىنى سەۋر ــ تاقەت بىلەن كۈتكەن ئادەمگە جەزمەن تاڭ ئاتىدۇ. يورۇقلۇقنىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولغان ئادەم جەزمەن يورۇقلۇقنى سۆيىدۇ.

## 32

ئادەمگەرچىلىك — ئەبەدىيلىك، بۈرۈنقى زاماندىن ئەبەدىيلىك كەلگۈسىگە ئاققان نۇر دەرياسىدۇر.

## 33

بىر ئادەمنىڭ ئەھمىيىتى ئۇنىڭ نەتىجىلىرىدە ئەمەس، بەلكى نەتىجىلەرگە ئىنتىلدۇرگەن نەرسىدە.

## 34

بىر كىشى خىيالغا چۆككەندە، خىيالنىڭ غۇۋا

ھۇزۇرىنى ھەقىقىي شاراب ھېسابلايدۇ.

35

مەن ماڭغانلار بىلەن بىللە مېڭىشنى خالايمەن، ئۆتۈۋاتقانلارغا قاراپ تۇرۇشنى خالىمايمەن.

36

ئەگەر بىر تۇپ دەرەخ ئۆز تەرجىمىھالىنى يازىدىغان بولسا، ئۇ خۇددى بىر مىللەتنىڭ تارىخىغا ئوخشىغان بولاتتى.

37

سەن ھاياتلىق مەركىزىگە يەتكەندە، ھاياتلىقتىن، ھەتتا گۈزەللىكنى كۆرەلمەيدىغان ئادەمنىڭ كۆزىدىنمۇ گۈزەللىكنى تاپالايسەن.

38

لەۋلىرىدىكى تەبەسسۇم ئارقىلىق كۆزىدىكى ئۆچمەنلىكنى يوشۇرۇۋالغان كىشى نېمىدېگەن دۆت ــ ھە!

39

بىر ئادەم ئىككى خىل ھالەتتە بولىدۇ: بىرى، قاراڭغۇلۇقتا ئويغاق؛ بىرى، ئاپتاپلىقتا ئۇخلايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 40

ئېتىقاد — يۈرەكتىكى بوستان، كارۋان ئۇنىڭغا ئەبەدىي يېتەلمەيدۇ.

## 41

غايە بىلەن ھېسسىيات مەڭگۈ يوقالمايدىغان روھ. ئۇلار بەزىدە يوشۇرۇنۇۋېلىشى، غايىب بولۇشى، بەزىدە كەچكى قۇياشقا، تاڭدىكى ئايغا ئوخشاش مىدىرلىماي جىم يېتىۋېلىشى مۇمكىن، ئەمما ھەرگىز ئۆلمەيدۇ.

## 42

بىز كۆپىنچە ۋاقتىمىزنى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان شەھەرلەردە ئۆتكۈزىمىز. يېزىلاردىكى چەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى تۇرمۇشتىن ئانچە خەۋىرىمىز يوق. بىز ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئېقىمىغا ئەگىشىپ، گۈزەل، چىن، ساپ ۋە يۈكسەك تۇرمۇش پەلسەپىسىنى ئۇنتۇپ كەتكۈچە ياكى ئۇنتۇپ كېتەي دېگۈچە ماڭىمىز. تۇرمۇشقا قاراپ باقايلى، ئۇ باھاردا تەبەسسۇم قىلىۋاتقان، يازدا ئېغىر يۈكنى يۈدۈۋالغان، كۈزدە مول ھوسۇل ئېلىۋاتقان، قىشتا ئارام ئېلىۋاتقان بولىدۇ. تۇرمۇشنىڭ ھەربىر باسقۇچى بىزنىڭ ئۇلۇغ تەبىئەت ئانىمىزغا ئوخشايدۇ. بىزنىڭ پۇل — بايلىقىمىز سەھرادىكىلەرنىڭكىدىن كۆپ بولغىنى بىلەن

ئۇلارنىڭ قەلبى بىزنىڭ قەلبىمىزدىن يۇكسەك. بىز نۇرغۇن يەرلەرگە ئۇرۇق چاچساقمۇ، ئەمما بىر باش چامغۇر چاغلىق ھوسۇل ئالالمايمىز، ئۇلار بولسا نېمە تېرىسا شۇنى ئالىدۇ. بىز ئۆز ئارزۇ ــ ئارمانلىرىمىزنىڭ قۇلى، ئۇلار بولسا ئىشىدىن قانائەت قىلىدىغانلار، بىز ھايات جامىدىن دەرد ــ ئەلەم ئارىلاشتۇرۇلغان ئاچچىق مەي ــ شارابلارنى ئىچىمىز، ئۇلار بولسا زىلال، لەزىز بۇلاق سۈيىنى ئىچىدۇ.

## 43

ئادەمنىڭ ياشلىق باھارى گۈزەل بىر چۈشكە ئوخشايدۇ. ئەمما، كىتابلاردىكى نۇرغۇن تېپىشماقلار ئەنە شۇنداق ساماۋى چۈشلەرنى ئېلىپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىدا شەپقەتسىز رېئاللىقنى پەيدا قىلىدۇ. تەنبىھ ــ ئەيىبلەشلەردىن يىراقلاشقان قەلبلەرنى بىر يەرگە ئەكېلىدىغان، دانىشمەنلەرنىڭ چۈشلىرى بىلەن شادلىقى بىرلىشىدىغان؛ تەبىئەت ئۆز ئوغلانلىرىنىڭ ئۇستازىغا، ئىنسانپەرۋەرلىك ئىنسانلارنىڭ ئوقۇشلۇقىغا ئايلىنىدىغان شۇنداق كۈنلەر كېلەرمۇ؟! تۇرمۇش مەكتەپكە ئايلىنىدىغان كۈنلەرمۇ كېلەرمۇ؟! بۇنى بىلمەيمەن. ئەمما، بىزنىڭ روھىيەت پەلسەپىسىگە قاراپ ئۇچقاندەك ئۆرلەۋاتقانلىقىمىز ماڭا ئايان. بۇنداق ئۆرلەش دەل بىزنىڭ روھىمىز ئارقىلىق جىمى مەۋجۇدات توغرىسىدىكى گۈزەللىك تۇيغۇسىنى ۋە گۈزەل، ئۇتلۇق مۇھەببەتنى چۈشىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى



44

ئىسىل نەسەبكە ۋارىسلىق قىلغان ئوغۇل ئاجىز — ئورۇقلارنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۆز قەسىرىنى سالىدۇ.

45

بۇگۈن مېنى باغلاپ بۇ يەرگە ئەكەلگەن بىچارىلەر تونۇگۈن كالىلىسىنى ساڭا تاپشۇرغانلارنىڭ دەل ئۆزى. مېنى ئالدىڭدا خورلىغان بۇ ئادەملەر قەلب ئورۇقلىرىنى ئىتىزلىرىڭغا چاچقان، قان— تەرلىرىنى ئايغىڭ ئاستىغا ئاقتۇرغان ئادەملەرنىڭ دەل ئۆزى. بۇ يەر دەل مېنى ئۆزىنىڭ يۇقراسى قىلىشنى خالىمايدىغان زوراۋانلار بىلەن ئاچ كۆزلەرنى يالماپ يۇتۇۋېتىدىغان زېمىندۇر.

46

ئادەم ئۆز قەلبىنى چۇشەنگەن هامان ئۇنىڭ هاياتلىق كىتابى يېپىلىدۇ.

47

ئادەم — مېۋە، پىشقان هامان شاختىن ئايرىلىدۇ.

48

ئىلغارلىق بار نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىش ياخشىلاشتا

ئەمەس، سادىر بولۇشى مۇمكىن بولغان نەرسىلەرگە قاراپ ئىلگىرىلەشتە ئىپادىلىنىدۇ.

## 49

جىم بولۇۋېلىش — چۇمپەردە، ئۇ تەكەببۇرلۇقنى يوشۇرىدۇ؛ شىكايەت — نىقاب، ئۇ چىرايىڭدىكى دەرد — ئەلەمنى يوشۇرىدۇ.

## 50

ياۋايى ئادەم ئاچ قالسا، دەل ـ دەرەخلەردىكى مېۋىلەرنى ئۈزۈپ يەيدۇ؛ مەدەنىيەتلىك ئادەم ئاچ قالسا، مېۋە ئۈزگەن ئادەمنىڭ قولىدىكى مېۋىنى سېتىۋېلىپ يەيدۇ.

## 51

ئادەمنىڭ كۆزى مىكروسكوپ، ئۇ ئالەمنى چوڭ قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

## 52

ئەگەر سەن تۇرمۇشتا ئىگە بولىدىغان نەرسىنى بىر قۇش دېسەڭ، ئۇنى ياخشى كۆرسەن، پۈتۈن يۈرەك قېنىڭ بىلەن باقىسەن، كۆز نۇرلىرىڭ بىلەن سۇغىرىسەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز قوۋۇرغاڭنى قەپەس، كۆڭلۈڭنى راھەتلىك ئۇۋا قىلىپ بېرىسەن. دەل سەن قۇشقا زوقلىنىپ قاراپ، قەلبىڭ نۇرلىرى بىلەن ئۇنىڭ قاناتلىرىنى تاراۋاتقان چېغىڭدا،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كۆتمىگەندە ئۇ قولۇڭدىن ئۇچۇپ چىقىپ، بۇلۇتلار ئۈستىدە جەۋلان قىلىدۇ، ئاندىن باشقا بىر قەپەسكە كىرىپ كېتىدۇ.

## 53

بەخت — رىشتىلىرى ئۆزئارا چىرمىشىپ كەتكەن، بىر – بىرىنى سۆيىدىغان ئىككى يۈرەكنىڭ قۇچاقلىشىشلىرىدىن پەيدا بولغان.

## 54

كىمكى ئۆزىنىڭ بوران – چاپقۇنلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ قۇرۇپ قالغان شاخلىرىنى سۇندۇرۇپ تاشلىمايدىكەن، شۇ جەزمەن زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ.

## 55

كىمكى ئۆز ئىنقىلابى بىلەن ئۆزىنىڭ سارغايغان ياپراقلىرىنى يىرتىپ تاشلىمايدىكەن، شۇ جەزمەن ئۈن – تىنسىز يوقىلىدۇ.

## 56

كىمكى ئۆتنۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كەلمەسكە كەتكەن ئۆتمۈشلىرىنى دەپنە قىلمايدىكەن، شۇ جەزمەن ئۆتمۈشتىكى شان– شەرەپلەرنىڭ كېپەنلىكىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

57

ئاھ، ئىنسانلار، سىلەر دائىم ياشلىق دەۋرىڭلاردا ئۆتكەن كۈنلىرىڭلارنىڭ يېقىملىق مەنزىرىلىرىنى شاد ـ خۇراملىق ئىچىدە ئەسلەپ ئولتۇرۇپ، ياشلىق باھارىڭلارنىڭ مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ئويلىغانلىرىڭلاردا ئەپسۇسلانماي قالمايسىلەر. ئەمما، مەن ئۆتمۈشۈمنى ئويلىسام، خۇددى ئازادلىققا ئېرىشكەن ئەركىن ئادەمنىڭ ئۆزىنى تۇتقۇن قىلغان تۈرمە كامىرى بىلەن كويزا ـ كىشەنلەرنى ئەسلىگىنىگە ئوخشاپ قالىمەن. سىلەر ئۆسمۈرلۈك دەۋرىڭلار بىلەن ياشلىق دەۋرىڭلار ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىتىڭلارنى ئالتۇن دەۋرىمىز، دەپ ئاتايسىلەر. ئۇ چاغلاردا سىلەر يىللارنىڭ مۇشەققەتلىرى بىلەن غەم ـ قايغۇلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، خۇددى مۇدھىش سازلىقتىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، رەڭگارەڭ گۈللەرگە تولغان گۈلىستانغا كېلىپ قونغان ھەسەل ھەرىلىرىگە ئوخشاش شادلىنىسىلەر. ئەمما، مەن ئۆزۈمنىڭ ياشلىق دەۋرىمنى ئازابلىق دەۋر دەپ ئاتايمەن، چۈنكى ئۇ چاغلاردا دەرد ـ ئەلەملەر يۈرىكىمنى قاماللاپ، مېنى خۇددى بوران ـ چاپقۇنلار ئۇچۇرتۇپ يۈرگەن پەيگە ئوخشاش ھەريان تاشلىغانىدى؛ قايغۇ ـ ئەلەم يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى بىلەن تەڭ چوڭايدى. مەن دەردىمنى ئەڭ يېقىن ئاغىنە ـ بۇرادەرلىرىمگە تىنالمايتتىم. دەل شۇنداق چاغلىرىمدا مۇھەببەت يۈرىكىمنىڭ ھەم يېپىق تۇرغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

دەرۋازىسىنى ئۇلۇغ ئېچىپ كىرىپ، بۇلۇڭ ــ پۇچقاقلىرىدىن ئورۇن ئالدى. مۇھەببەت تىلىمنى ئاسارەتتىن ئازاد قىلىپ، مېنى سۆزلىيەلەيدىغان قىلدى؛ مۇھەببەت كۆزۈمنىڭ گۆھەرلىرىنى تاتىلاپ پارە قىلىپ، مېنى يىغلىتىشقا باشلىدى؛ مۇھەببەت ئاۋاز پەردىلىرىمنى غىدىقلاپ، مېنى ئۇلۇغ كىچىك تىنىدىغان، ھەسرەت ــ نادامەتلىرىمنى تۆكەلەيدىغان قىلدى.

## 58

بوۋاقلارنىڭ ياشلىق چاغلىرىنى ئەسلىشى ياقا ــ يۇرتلاردا سەرسان بولۇپ يۈرگەن مۇساپىرلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىنى سېغىنغىنىغا ئوخشايدۇ؛ ئۇلارنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى ئىشتىياق بىلەن تىلغا ئېلىشلىرى شائىرنىڭ ئۆزىنىڭ نادىر شېئىرىنى توختىماي دېكلاماتسىيە قىلغىنىغا ئوخشايدۇ؛ بوۋاقلارنىڭ مەنىۋى ھاياتى ئۆتمۈشتىكى ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتىپ بولماس چوڭقۇرلۇقى ئىچىدە تېگىرقاپ يۈرۈش بىلەن ئۆتىدۇ. چۈنكى، رېئاللىق ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۇلارغا قاراپمۇ قويماي ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ؛ كەلگۈسى بولسا، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تۇمان بىلەن قاپلانغان ۋە قەبرە قاراڭغۇلۇقىغا ئوخشاش بىر دۇنيا.

## 59

كىشىلىك دۇنيا ئاجايىپ بىر ئەينەك، كىشىلەر بۇ

ئەينەكتىن ئۆزلىرىنىڭ كىچىكلىتىلگەن شەكلىنى، بۇرمىلانغان ئوبرازىنى كۆرىدۇ...

## 60

دۇنيادىكى ھەممە نەرسە قەلب دۇنياسىدا ئۇزۇپ يۈرىدۇ.

## 61

بىر ئادەمنىڭ ھاياتى ھەرگىزمۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدا باشلىنىپ، قەبرىگە مەھكۇم بولغاندا ئاياغلاشمايدۇ.

## 62

چىراغ ئەتراپىدىن كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغۇچە كەتمەيدىغان پەرۋانە بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى پەرۋايىغا ئالماي قاراڭغۇ تۈشۈكنىڭ ئىچىدە خاتىرجەم ياشاشنى مەقسەت قىلغان چاشقاندىن ئۇلۇغدۇر.

## 63

قەھرىتان سوغۇق بىلەن تۇرلۇك پېشكەللىكلەرگە ئۇچرىغان ئۇرۇق يەرنىڭ تېگىدىن بىخ سۇرۇپ چىقالمىغاچقا، باھارنىڭ كۆركەم مەنزىرىسىدىن بەھرە ئالالمايدۇ.

## 64

ھايات ئىچىدە ئەركىنلىك بار، ئەركىنلىك ئىچىدە

www.uyghurkitap.com


شادلىق بىلەن بەخت بار.

65

ھەربىر ئادەمنىڭ شۇنداق بىر كۈنى بولىدۇكى، ھايات كارتىنىلىرى چىرايىدا زاھىر بولىدۇ. قەلبى يۈكسەك، ئالىيجاناب ئادەملەرنىڭ كۈنلىرى ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئاياغلاشمايدۇ، بەلكى باشلىنىدۇ ھەمدە تاكى مەڭگۈلۈك تۇمان جاھاننى قاپلاپ كەتكەنگە قەدەر داۋاملىشىدۇ.

66

ھەربىر يىگىتنىڭ بىر چىنلىقى بولىدۇ، ئۇنى تاڭ نۇرى نامايان قىلىدۇ، تۈن پەردىسى يوشۇرىدۇ. ئۆلۈغ قەلب ئىگىسى لەھەت سىپىگە قوشۇلغاندىمۇ، ئۇنىڭ ھەقىقىتى، چىنلىقى يەنىلا ئالتۇن كىرپىكلىك يۇلتۇزلاردەك چاقناپ تۇرىدۇ، ئىنسانلار غايىب بولغانغا قەدەر ئۆچمەيدۇ.

67

مۇھەببەت — ھېس ـ تۇيغۇ، سۆيگۈ دېڭىزىنىڭ خورسىنىشى، پىكىر ـ ئويلار ئاسمىنىنىڭ كۆز يېشى، قەلب دالاسىنىڭ تەبەسسۇمىدۇر.

68

مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى — سەگەك

بولۇشتۇر.

## 69

مۇھەببەتنىڭ ئۆزىدىن باشقا بىرىدىغان ھېچنېمىسى يوق، مۇھەببەت پەقەت مۇھەببەتنىلا قوبۇل قىلىدۇ.

## 70

مۇھەببەت ھېچنېمىنى ئىگىلىۋالمايدۇ، ئۇنىمۇ ھېچكىم ئىگىلىۋالمايدۇ.

چۈنكى، مۇھەببەتكە پەقەت مۇھەببەتلا يېتەرلىك.

## 71

ئاشىق بولساڭ، مۇنۇلار سىنىڭ ئارزۇيۇڭ بولسۇن:

ئۆزۈڭنى پۈتۈنلەي ئېرىتىپ سۇغا ئايلانغىن ــ دە، ئايدىڭ كېچىلەردە توختىماي شىلدىرلاپ ئېقىپ كۈي كۈيلە.

ئارتۇقچە مېھرىبانلىقنىڭ ئازاب ئىكەنلىكىنى بىل.

مۇھەببەت يۈرىكىڭنى لەختە ــ لەختە قىلىسىمۇ، رازىلىق ۋە خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭ ئۈچۈن جان پىدا قىل.

سەھەر ئويغانغىنىڭدا، مۇھەببەتلىك يەنە بىر كۈننىڭ قۇچاق ئاچقانلىقىغا خۇشاللىق بىلەن تەشەككۈر ئېيتقىن.

تىنچ ئارام ئالغان چاغلىرىڭدا مۇھەببەتنىڭ شېرىنلىكىنى خىيال قىل.

كەچلەردە مىننەتدارلىق بىلەن ئۆيگە قايتقىن.

www.uyghurkitap.com



ئۇخلاش ئالدىدا سۆيگىنىڭگە ئېزگۈلۈك تىلە. ياتار چېغىڭدا تىلاۋەت قىل. چۈنكى، سۆيۈلگۈچى سېنىڭ قەلبىڭدە، گۈزەل مەدھىيە لەۋلىرىڭدە.

## 72

سىلەر بىللە بولۇڭلار، بىراق ئارىلىق ساقلاڭلار، ئاشۇ ئارىلىقتىن جەننەت شامىلى ئۆتۈشۈپ تۇرسۇن.

ئۆزئارا مۇھەببەتلىشىڭلار، بىراق مۇھەببەت رىشتىسىنى ئۆزۈڭلارنى چۈشەيدىغان زەنجىرگە ئايلاندۇرۇۋالماڭلار.

مۇھەببەت روھىڭلارنىڭ قىرغاقلىرى ئارىلىقىدا ئۆركەشلەپ تۇرىدىغان دېڭىز بولسۇن.

بىر ــ بىرىڭلارنىڭ جامىنى تولدۇرۇڭلار، ئەمما ئۆز جامىڭلاردىكىنى ئىچىڭلار. بىر ــ بىرىڭلارغا ئاش ــ نان تۇتۇڭلار، ئەمما بىر پارچە ناننى زىنهار تەڭ چىشلىمەڭلار.

ئۆزئارا شادلىنىپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناڭلار، زىنهار بىر ــ بىرىڭلارنىڭ تىنچلىق ۋە مۇستەقىللىقىغا دەخلى قىلماڭلار.

## 73

خۇددى يۇمران نوتا ــ شاخنى تىنىمسىز شامال جىمى تۇرغۇزماي ھەر تەرەپكە سىلجىتقاندەك، ئادەمنىمۇ كۆڭۈل ۋە مۇھەببەت ھەر كويغا سالىدۇ.

## 74

دەريا ــ ئۆستەڭ سۇلىرى ئۆز مەشۇقىغا — دېڭىزغا قاراپ ئاقىدۇ؛ گۈل ــ گىياھلار ئاشىقىغا — قۇياشقا قاراپ تەبەسسۇم قىلىدۇ؛ يامغۇر تامچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ كۆيگۈچىلىرى — جىلغا ــ سايلار باغرىغا ئۆزىنى تاشلايدۇ. ھالبۇكى، مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا دەريا ــ ئۆستەڭلەر بىلمەيدىغان، گۈل ــ گىياھلار سوراپ كۆرمىگەن، يامغۇر تامچىلىرى چۈشەنمەيدىغان نەرسىلەر بولسىمۇ، ئەمما مەن يەككە ــ يېگانە ھالدا ئازابلىنىپ، ھىجران دەردىدە مۇڭلىنىپ، كۆڭلۈمدىكى نىگاردىن بەكمۇ يىراق، خىلۋەتتە يۈرۈپتىمەن. ئۇ مېنى ئاتىسىنىڭ قوشۇنىدا ئاددىي سولدات قىلىپ قويۇشنى ئويلىمامدىكىن؟! ئۆز قەسرىدە چاكار قىلىۋېلىشنى خالىمامدىكىن؟!

## 75

مۇھەببەت چاقىرغاندا، سىلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار، گەرچە مەنزىلى مۇشكۈل ھەم ئەگرى ــ توقاي بولسىمۇ، ئارقاڭلارغا چېكىنمەڭلار.

## 76

مۇھەببەت — نۇرلۇق قول بىلەن نۇرلۇق قەغەزگە يېزىلغان نۇرلۇق سۆزدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## 77

مۇھەببەت ۋە ھەسەت ئەبەدىي سۆزلەشمەيدۇ.

## 78

مۇھەببەت — ئاشىق ـ مەشۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى پەردە.

## 79

— ئاھ، مۇھەببەت، سەن مېنى زاڭلىق قىلدىڭ، ھەزىل دەستىكىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۈمىد، يېتەرسىزلىك، غايە، پەسلىك دەپ قارىلىدىغان مانا مۇشۇنداق بىر مۇھىتقا تىقىپ قويدۇڭ. ئەي، مەن چوقۇنىدىغان مۇھەببەت، سەن كۆڭلۈمنى ئەمىرنىڭ ئوردا ـ قەسىرىگە ئەكىردىڭ، ئەمما جىسمىمنى دېھقاننىڭ كەپىسىدە قالدۇردۇڭ. سەن مېنى بىر گۈزەل پەرىزاتنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردىڭ. ئۇ پەرىزات شۇ قەدەر ئالىيجاناب ئىدىكى، ئۇنى ئەركەكلەر قاتمۇقات ئورىۋېلىشقانىدى. ئەي مۇھەببەت! مەن ئالدىڭدا باش ئېگىپ تۇرۇپتىمەن، سەن مېنى زادى نېمە قىلماقچىسەن؟! مەن ساڭا ئەگىشىپ ئوت دېڭىزىنى كەچتىم، كۆرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوت مېنى كاۋاپقا ئايلاندۇردى؛ سەن كۆزۈمنى ئاچتىڭ، ئەمما كۆرگىنىم قاپقاراڭغۇلۇق بولدى؛ سەن مېنى سۆزلەتتىڭ، بىراق ھەربىر سۆزۈم ھەسرەت ـ نادامەت ۋە ئاھ

ئۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. مۇھەببەت، ئەي مۇھەببەت! سىغىنىش مېنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى، ئامرىقىم سۆيۈپ قويمىغۇچە ئۇ مەندىن ئايرىلمايدۇ. مۇھەببەت، ئەي مۇھەببەت! سەن ئۆزۈڭنىڭ قۇدرەتلىك، مېنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ، مېنى نېمە ئۈچۈن مۇنچە قىينايسەن؟! سەن ھەققانىيەتچى، مەن بولسام بىر بەختسىز، شۇنداق تۇرۇپ مېنى نېمىشقا مۇنچە بوزەك قىلىسەن؟! مېنىڭ بۇ ئالەمدىكى بىردىنبىر يۆلەك ــ تايانچىم سەن ئىدىڭ، نېمىشقا مېنى خاراب قىلماقچى بولىسەن؟! مېنىڭ ھاياتلىقىم تامامەن ساڭا باغلىق، ئەمما سەن نېمىشقا مېنى تاشلىۋېتىسەن؟! ئەگەر قېنىم تومۇرلىرىمدا ئىرادەڭ بويىچە ئاقمىسا، ئۇنى تۆكۈۋەت! ئەگەر پۇتلىرىم سەن كۆرسەتكەن يولدا ماڭمىسا، سەن ئۇنى پالەچ قىلىپ قوي! سەن جىسمىمنى نېمە قىلساڭ قىل، ئەمما كۆڭلۈمنى قاناتلىرىڭ سايە تاشلىغان دالىدا شاد ــ خۇرام ۋە خاتىرجەم يايرىغىلى قوي!...

## 80

مۇھەببەت — بەخت ۋە يورۇقلۇقنىڭ بۇلىقى.

## 81

ئايرىلىش پەيتى يېتىپ كەلمىگۈچە مۇھەببەت ئۆزىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى



## 82

مۇھەببەت قانىتى سىلەرنى ئورىۋالغاندا، گەرچە پەيلىرىنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنغان تىرناقلار يۈرىكىڭلارنى پارە ــ پارە قىلىۋەتسىمۇ ئۇنىڭغا بويسۇنۇڭلار.

## 83

مۇھەببەت ساڭا تاج كىيدۈرەلەيدۇ، شۇنداقلا سېنى دارغىمۇ ئاسالايدۇ. ئۇ سېنى پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرەلەيدۇ، كېسىپمۇ تاشلىيالايدۇ.

ئۇ سېنىڭ ئەڭ ئېگىز پۇتاقلىرىڭغا چىقىپ، ئاپتاپتا يايراپ تۇرغان ئىنچىكە شاخلىرىڭ ۋە يوپۇرماقلىرىڭنى سۆيىدۇ، شۇنداقلا ئەڭ چوڭقۇر جايلىرىڭغا چۈكۈپ، يىلتىزلىرىڭنى ئورنىدىن قوزغاپ زېمىنىدىن ئايرىۋېتەلەيدۇ.

## 84

سەن گويا بىر قولتۇق بۇغداي، مۇھەببەت سېنى باغلايدۇ.

مۇھەببەت سېنى ئۇرۇپ ــ سوقۇپ سامىنىڭدىن ئايرىپ يالىڭاچلايدۇ.

مۇھەببەت سېنى ئاسمانغا ئېتىپ سورۇيدۇ، تاسقايدۇ، ئادالايدۇ.

ئۇ سېنى تۈگمەنگە ئاپىرىپ ئىككى تاشنىڭ ئارىلىقىدا

ئېزىپ، ئاپئاق ئۇنغا ئايلاندۇرىدۇ.
مۇھەببەت سېنى يۇغۇرۇپ خېمىر قىلىپ، مۇقەددەس ئوتقا سېلىپ پىشۇرۇپ، ئاللانىڭ داستىخىنىدىكى مۇقەددەس غىزاغا ئايلاندۇرىدۇ.
مۇھەببەت سىلەرگە مانا مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىپ بېرىدۇ، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭگە تونۇتىدۇ. سەن بۇنداق بىلىش جەريانىدا ھاياتلىق يۈرىكىنىڭ ھەقىقىي بىر قىسمىغا ئايلىنىسەن.

## 85

سەن مۇھەببەتكە يول باشلىغۇچى بولىمەن دەپ خىيال قىلما. ئەگەر ئۇ خالىسا، سېنى باشلايدۇ.

## 86

مۇھەببەتنىڭ ئۆزىنى پۈتۈنلەشتىن باشقا ئارزۇسى يوق.

## 87

بىر ــ بىرىڭلارغا يۈرىكىڭلارنى تەقدىم قىلىڭلار، ئەمما بىر ــ بىرىڭلارنى ئىگىلىۋالماڭلار. چۈنكى، يۈرىكىڭلارنى پەقەت ھاياتنىڭ قولىلا تۇتۇپ تۇرالايدۇ.
سىلەر بىر يەردە تۇرۇڭلار، زىنھار ئارتۇقچە يېقىنلىشىپ كەتمەڭلار. چۈنكى، سارايلارنىڭ تۈۋرۈكلىرىمۇ ئايرىم ــ ئايرىم تۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## 88

قەلب گويا سۈزۈك ئەينەككە ئوخشايدۇ. ئۇ دۇنيانىڭ مەركىزىدە تۇرلۇك ئىش — ھەرىكەتلەرنى، قىياپەت، تەسەۋۋۇر كۆرۈنۈشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

## 89

قەلب — شامال ئالدىدا ئېچىلغان يۇمران گۈل. تاڭ ساباسى ئۇنى تەۋرىتىدۇ، تاڭ شەبنىمى غولىنى ئېگىدۇ. بۇلبۇل خەندان ئورۇپ شېرىن ئۇيقۇدىكى ئادەمنى ئويغىتىدۇ. ئادەم بۇلبۇل ناۋاسىغا قۇلاق سالىدۇ، بۇلبۇل ناۋاسىدىن زوقلىنىدۇ، بۇلبۇل بىلەن ئەقىل — پاراسەتنى، بۇلبۇلنىڭ يېقىملىق كۈيلىرى بىلەن نازۇك ھېس — تۇيغۇلارنىڭ ياراتقۇچىسىنى كۈيلەيدۇ. ئۇ ناۋا ئادەمنىڭ تەپەككۇرىنى قوزغىتىپ، ئۇنىڭغا ئۆز ئەتراپىدىكىلەرگە ئاشۇ ئەرزىمەس بۇلبۇل ناۋاسى ھېسسىيات تارىلىرىمنى تىترىتىپ، ماڭا ئەجدادلار بايانىدىكى مەنىلەرنى ئىزھار قىلغۇدەك قانداق سىرلارنى بايان قىلدى؟ دەپ سوئال قويدۇرىدۇ. ئادەم يەنە شۇنداق زىغىرلاپ سورايدۇ: «بۇلبۇل دالىلاردىكى رەڭدار گۈللەرنى چىللاۋاتامدۇ ياكى چەكسىز تەبىئەت بىلەن بەزمە قۇرۇۋاتامدۇ؟» لېكىن، ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ.

## 90

مۇھەببەت يۈرىكىمىزگە ساداقەت ئورۇقىنى چاچىدۇ.

## 91

ئادەمنىڭ ئېھتىياجى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئەمما قەلبىدىكى سۆيگۈ ئۆزگەرمەيدۇ. ئادەمنىڭ «مۇھەببەت جەزمەن ئېھتىياجىمنى قاندۇرىدۇ» دېگەن ئۇمىدىمۇ مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ.

## 92

سۆيگۈ ئەگەر يۈرەك غېمىگە ئايلىنىپ قالىدىغان بولۇپ قالسا، بوشلۇق ئۆلچىمى ۋە ۋاقىت ئاۋازى پۈتۈنلەي كۈچىدىن قالىدۇ.

## 93

ھەربىر ئەركەك ئىككى قىزنى سۆيىدۇ: بىرى، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى ئەسەر، يەنە بىرى، تېخى تۇغۇلمىغان.

## 94

ھەركىمنى ئۆزىنى يېڭىلاپ تۇرمىغان مۇھەببەت بىر خىل ئادەتكە، ئاخىردا قۇلغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

## 95

ئاشىق ـ مەشۇقلار بىر ـ بىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقىتىش
www.uyghurkitap.com



خىل نەرسىنى قوچاقلايدۇ، بىر ــ بىرى بىلەن قوچاقلاشمايدۇ.

96

مۇھەببەت ــ تىترەپ تۇرغان بەختتۇر.

97

ھەرقانداق بىر ياش ئۆز ھاياتىنىڭ باھارى ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندا، ئۆز مەشۇقىنىڭ سىيماسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەي قالمايدۇ. بۇ ئۇنىڭ يېگانە قەلبىنى شېرىن تۇيغۇغا، جىمجىت كۆڭۈللىرىنى لېرىكىلىق ھېسسىياتقا تولدۇرىدۇ، خاتىرجەم تۇيغۇلىرىنى ھاياجانلىق ناخشا سادالىرىنى ياڭرىتىدىغان تىنچسىز تۇيغۇلارغا ئايلاندۇرىدۇ.

98

مۇھەببەت ــ دۇنيادا بىردىنبىر ئەركىن ئىستەك. قەلب ئوچىقىدا تاۋلىنىپ چىققان جەۋھەر، ئىنسانىيەت قانۇنلىرى بىلەن ئەنئەنىلەر، تەبىئەتنىڭ تۈرلۈك ئەقىدىلىرى ئۇنى بويسۇندۇرالمايدۇ.

99

مەشۇقىنىڭ گۈزەللىكى چاچلىرىدا ئەمەس، بەلكى چاچلىرىنى سۆيۈپ تۇرغان مۇقەددەس نۇردا؛ ئۇنىڭ

گــۈزەللىكى چاقنــاپ تۇرغــان كۆزلىرىــدە ئەمەس، بەلكــى كۆزلىرىدە يېنىپ تۇرغان ئوتتا؛ ئۇنىڭ گۈزەللىكى ئەتىرگۈل بەرگىلىرىــدەك نېپىــز لەۋلىرىــدە ئەمەس، بەلكــى شــۇ لەۋلەرنىــڭ ئارىــسىدىن چىقىــدىغان شــېرىن ـ شــەربەت سۆزلىرىدە؛ ئۇنىڭ گــۈزەللىكى پىــل چىــشىغا ئوخــشايدىغان ئاپئاق بويىنىدا ئەمەس، بەلكى بويىنىنىڭ ئالدىغا سەل ـ پەل ئېگىــشكەن قىياپىتىــدە؛ ئۇنىــڭ گــۈزەللىكى تەن قۇرۇلۇشىنىڭ كامالەتكە يەتكەن زىبالىقىدا ئەمەس، بەلكى يۈكــسەك مەنىــۋى روھىنىــڭ چوغىــدىن كۆتــۈرۈلگەن ۋە شــۇ چوغنىڭ كــۆز يەتــمەس زېمىــن بىــلەن پايانى يوق ئاســمان بوشلۇقى ئوتتۇرىسىدا قىزىرىپ كۆيۈۋاتقان سۈزۈك يالقۇنىدا.

## 100

ئەقىل ـ پاراسەتتە ھەممىمىزنى بېسىپ چۈشىدىغان ئادەملەر بەختسىز كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ روھى يۈكسەك پەللىگە كۆتــۈرۈلگەن، ئەممــا كــۆزلىرى دائىــم يــاش بىــلەن تولغــان بولىدۇ.

## 101

يــاش بىــلەن يۇيۇلغــان مــۇھەببەت ساپ ۋە مەڭگۈلــۈك بولىدۇ.

## 102

مۇھەببەتنى ئۇزاق ۋاقىت بىرگە يۈرۈشتىن ۋە ئېغىزنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئېغىزغا يېقىشتىن پەيدا بولىدۇ، دەپ ئويلايدىغانلار نېمىدېگەن نادان ــ ھە!

## 103

ھەقىقىي چىن مۇھەببەت روھىي جەھەتتىكى ئۇچرىشىشتىن ھاسىل بولىدۇ. ئەگەر بۇ خىل ئۇچرىشىش قىسقا ۋاقىت ئىچىدە چۈشىنىلمىسە، ئۇنىڭغا بىر يىل، ھەتتا پۈتۈن ئۆمۈرنى سەرپ قىلىغان بىلەنمۇ بىكار.

## 104

مۇقەددەس مۇھەببەت ھەسەتخور ئەمەس، چۈنكى ئۇ ھەممىگە قادىر؛ ئۇ ئىنسان جىسمىنى بىھۇدە ئاۋارە قىلىشتىن خالىي، چۈنكى ئۇ ئىنسانلارنىڭ يۈرىكىدىن ئورۇن ئالغان؛ ئۇ قەلب ئۈمىدلىرىنى قانائەتلەندۈرىدىغان يۈكسەك پەزىلەت، قۇرۇق خىياللاردىن مەجبۇرىي شەكىللەندۈرۈلگەن ئەمەس، بەلكى تەبىئىي شەكىللەنگەن ھېسسىيات، ئىشق نېمەتلىرىگە تويمايدىغان ئوپقان.

## 105

روھىي جەھەتتىكى ئېچىرقاش ماددىي جەھەتتىكى توقلۇقتىن ئەۋزەل.

## 106

مۇھەببەت ــ يۈكسەك، سەزگۈر يۈرەكلەرنىڭ قىممەتلىك

بايلىقى.

## 107

چەكلىك مۇھەببەت قارشى تەرەپنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىشنى كۆزلەيدۇ. چەكسىز مۇھەببەت بولسا، مۇھەببەتنىڭ ماھىيىتىنى تەلەپ قىلىدۇ.

## 108

يېڭىدىن باشلانغان مۇھەببەت ئاشىق ــ مەشۇقلارنىڭ ئۇچرىشىشى بىلەنلا قانائەتلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۆيۈشۈش، قۇچاقلىشىش بىلەن تەرەققىي قىلىدۇ. ئالەم قۇچىقىدا بەرپا بولغان، نازۇك سىرلىرى بىلەن بىللە چۈشكەن مۇھەببەت پەقەت ئەبەدىيلىك بىلەن چەكسىزلىكتىنلا قانائەت تاپىدۇ، ياراتقان ئىگىسىنىڭ ئالدىدا باش ئېگىپ تۇرىدۇ.

## 109

ئۆزىنىڭ مۇقەددەس چۈمبىلىنى ئېچىپ تاشلىغان گۈزەللىك ھەقىقىي ھاياتلىقتۇر.

## 110

گۈزەللىك — مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ ئۆزىنى ئەينەكتە كۆرۈشىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەمما، سەن ئاشۇ مەڭگۈلۈكلۈك، سەن ئاشۇ ئەينەك.

## 111

گۈزەللىك بىرخىل ئېھتىياج بولماستىن، بەلكى بىرخىل شادلىقتۇر.
ئۇ چاڭقاق لەۋمۇ ئەمەس، بوشلۇققا ئۇزىتىلغان قۇرۇق قولمۇ ئەمەس، بەلكى كۆيۈۋاتقان يۈرەك، مەستخۇش روھتۇر.
ئۇ سەن كۆرەلەيدىغان شەكىل ئەمەس، سەن ئاڭلىيالايدىغان ناخشىمۇ ئەمەس، ئەمما سەن كۆزۈڭنى يۇمۇۋالساڭمۇ كۆرۈنىدىغان شەكىل، قۇلىقىڭنى ئېتىۋالساڭمۇ ئاڭلىنىدىغان ناخشىدۇر.
ئۇ پىچاق ئىزلىرى توشۇپ كەتكەن دەرەخ قوۋزىقىدىن ئېقىپ چىققان سۈيۈقلۇق ئەمەس، تۇزاققا چۈشۈپ قالغان قۇشلارنىڭ قانىتىمۇ ئەمەس.
ئۇ باھار كەتمەس گۈلزار، مەڭگۈ پەرۋاز قىلىدىغان بىر توپ پەرىشتىلەردۇر.

## 112

ئۇۋال قىلىنغان، زەربە يېگەن كىشىلەر: «گۈزەللىك مېھرىبانلىق ۋە مۇلايىملىقتۇر، ئۇ خۇددى بىر ياش ئانىنىڭ ئۆزىنىڭ شان ــ شەرىپى ئىچىدە ئۇيىلىپ ئارىمىزدىن ئۆتۈپ كەتكىنىگە ئوخشىشىدۇ» دېيىشىدۇ.
قىزغىن كىشىلەر: «ياق، گۈزەللىك ھەممىگە قادىر،

سۈرلۈك، ئۇ خۇددى شىددەتلىك بوران ــ چاپقۇنغا ئوخشاش يەر ــ جاھاننى تىترىتىدۇ» دېيىشىدۇ.

ھېرىپ ــ چارچىغان، خاپىلىق تارتقان كىشىلەر: «گۈزەللىك يېقىملىق پىچىرلاشتۇر، ئۇ بىزنىڭ قەلبىمىزدە سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى بىزنىڭ تىنچلىقىمىزغا يېتىپ كەلگەندە خۇددى گۈگۈمدىكى سايىدەك ۋەھىمە ئىچىدە تىترەيدۇ» دېيىشىدۇ.

كۆڭلى پاراكەندە كىشىلەر مۇنداق دېيىشىدۇ: «بىز گۈزەللىكنىڭ تاغلار ئارىسىدا ۋارقىراۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئۇنىڭ ئاۋازى ئارىسىدا ھايۋاناتنىڭ گۈلدۈر ــ گۇپپاڭلىرى، قۇشلارنىڭ قانات قېقىشلىرى، شىرلارنىڭ ھۆركىرەشلىرى بار».

شەھەرنىڭ كېچە قاراۋۇلى ئېيتىدۇ: «گۈزەللىك سۈبھى بىلەن بىللە شەرقتىن كۆتۈرۈلىدۇ».

چۈش ۋاقتىدا ئىشلەۋاتقانلار ۋە يولۇچىلار: «بىز گۈزەللىكنىڭ كۈن ئولتۇرغان دېرىزە قېشىدا تۇرۇپ زېمىنغا نەزەر سېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق» دېيىشىدۇ.

قىش كۈنلىرى ئالدىنى قار دۆۋىلىرى توسۇۋالغان كىشىلەر: «ئۇ باھار بىلەن بىللە كېلىپ، تاغ چوققىلىرىدا جىلۋە قىلىدۇ» دېيىشىدۇ.

تومۇز كۈنلىرى ئورما ئورۇۋاتقان كىشىلەر: «گۈزەللىكنىڭ باھار بىلەن بىللە ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىنى، چاچلىرى ئارىسىدا ئاپئاق قار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



ئۇچقۇنلىرى تۇرغىنىنى كۆردۇق» دېيىشىدۇ.

113

كىيىم ــ كېچەك سىلەرنىڭ نۇرغۇن گۈزەللىكلىرىنى يېپىۋالىدۇ، زىنھار ئەيىب ــ نۇقسانلىرىڭلارنى ياپالمايدۇ. سىلەر كىيىم ــ كېچەكتىن يېپىش ئەركىگە ئېرىشتىڭلار، شۇنداقلا ئۆزۈڭلارغا ئاسارەت تاپتىڭلار، ئۆزۈڭلارغا يۈگەن سالدىڭلار. مەن سىلەرنى قۇياش ھەم شامال بىلەن كىيىم ــ كېچەك سىرتىدىن ئەمەس، بەلكى كۆپرەك ئۆز بەدىنى ئارقىلىق ئۇچراشسىكەن دەيمەن. چۈنكى، ھاياتلىق قۇياش نۇرىدا كۆكلەيدۇ، ھاياتلىق تىنىقلىرى شامال بىلەن بىللە بولىدۇ.

114

ئەگەر سەن گۈزەللىكنى مەدھىيىلىمەكچى بولساڭ، دەشت ــ باياۋان ئوتتۇرىسىدا بولساڭمۇ ئاڭلىغۇچى چىقىدۇ.

115

ياشاشتىكى مەقسىتىمىز — گۈزەللىكنى تېپىش، باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كۈتۈش شەكىللىرىدۇر.

116

جاھاندا ئىككى ئۆزگەرمەس نەرسە باردۇر: گۈزەللىك ۋە

چىنلىق. گۈزەللىك ئاشىق ــ مەشۇقنىڭ قەلبىدە، چىنلىق — تېرىغۇچىنىڭ يەلكىسىدۇر.

## 117

گۈزەللىك ئۇنىڭغا تەلپۈنگۈچىنىڭ نەزىرىدە ئۇنى كۆرگۈچىنىڭ كۆزىدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ گۈزەلدۇر.

## 118

گۈزەللىك بىزنى ئەسىر قىلالايدۇ، زىيادە گۈزەللىك بولسا بىزنىمۇ، ئۆزىنىمۇ ئازاد قىلالايدۇ.

## 119

گۈزەللىك — تىلنىڭ ياردىمى بىلەن لەۋلەرنىڭ ئارىسىدىن چىققان تاۋۇشقا، سۆز بوغۇملىرىغا موھتاج بولمىغان ئەرشىكە مەنسۇپ بىر خىل ئۆلمەس تىل. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق يېقىملىق ئاۋازلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئاندىن مەڭگۇ تۇرغۇن ھالەتتىكى جىمجىتلىق بەرپا قىلىدۇ.

## 120

گۈزەللىك پەقەت بىزنىڭ روھىي دۇنيايىمىزلا چۈشىنىدىغان سىر، روھىي دۇنيا ئۇنىڭ بىلەن سۆيۈنىدۇ، تەسىرى بىلەن قۇدرەت تاپىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



121

بىزنىڭ ئۆي ـ بىكرىمىز گۈزەللىك ئالدىدا تېڭىرقايدۇ؛ گۈزەللىككە تەبىر بېرىش، ئۇنى تىل بىلەن ئىپادىلەش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

122

گۈزەللىك — سېزىم ياكى كۆز بىلەن بايقىغىلى بولمايدىغان يوشۇرۇن ئېقىن، كۆرگۈچى بىلەن كۆرۈنگۈچىنىڭ جىسمىدا دولقۇنلىنىپ تۇرىدىغان دولقۇن چېچەكلىرى.

123

ھەقىقىي گۈزەللىك يۈرەكنىڭ ئەڭ مۇقەددەس جايىدىن ئۇرغۇپ، خۇددى مېۋىلەرنىڭ ھاياتىي كۈچى شاخلىرىدىكى چېچەكلەرگە رەڭ بېرىپ، ئۇلارنى ئېچىلدۇرغانغا ئوخشاش، ئادەمنىڭ سىرتقى قىياپىتىنى نۇرلاندۇرىدۇ.

124

ھەقىقىي گۈزەللىك قىز بىلەن يىگىتتە دەقىقە ئىچىدە چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ، يەنە دەقىقە ئىچىدە ئۇلاردا ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىرخىل ھېسسىيات پەيدا قىلىدۇ. روھىي جەھەتتىكى بۇنداق ئۆزگىرىشنى بىز

مۇھەببەت دەپ ئاتايمىز.

## 125

ئەگەر بىلىم بولمىسا، بارلىق ئىلھاملاندۇرغۇچى كۈچلەرنىڭ كۆزلىرى كوردۇر.

## 126

ئەگەر مېھنەت بولمىسا، بارلىق بىلىمنىڭ بىھۇدىدۇر.

## 127

سىلەرنىڭ ئەقلىڭلار ۋە قىزغىنلىقىڭلار دېڭىز سەپىرى قىلىۋاتقان روھىڭلارنىڭ رولى ۋە يەلكىنىدۇر.

## 128

پەقەت ئەقىللا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغانلا بولسا، ئۇ ھەممىنى چەكلەيدىغان بىرخىل قاتمال كۈچكە ئايلىنىدۇ؛ قىزغىنلىقتىن ئېھتىيات قىلىنمايدىكەن، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغان بىر خىل يالقۇندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەقلىڭلارنى قىزغىنلىقىڭلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە كۆتۈرۈڭلار، ئۇ شۇ يەردە ناخشا ئېيتسۇن؛ ئەقلىڭلار قىزغىنلىقىڭلارغا يول باشلاپ، ئۇلار خۇددى قۇياش ھەر سەھەر يېڭىدىن كۆتۈرۈلگەنگە ئوخشاش بىللە ياشىسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

129

ساڭا بىلىم نۇرلىرىنىڭ قوينىدا ئۇيقۇغا كەتكەن تەئەللۇقاتلىرىڭدىن ئۆزگە ھېچكىم ھېچنېمىدىن ۋەھىي بېرەلمەيدۇ.

130

ھېچكىم ئۆزىنىڭ غايە قانىتىنى باشقىلارغا ئارىيەت بېرەلمەيدۇ.

131

مەن ئەقىل ــ پاراسەتتىنمۇ ئۇلۇغ نەرسىنى تاپتىم. ئۇ سىلەرنىڭ بارغانسېرى كۈچلۈك يېلىنجاۋاتقان چوغدەك قەلبىڭلاردۇر.

132

بۇگۈنكى مەۋجۇتلۇق ئەقىل ـ پاراسەتلىكلەرگە ئايلىنىشتا، ئەمما ھەرگىز ئەقىل ـ پاراسەتسىزلەرنى يات كۆرۈشتە ئەمەس؛ مەۋجۇتلۇق قۇدرەتلىك كىشىلەرگە ئايلىنىشتا، ئەمما ھەرگىز ئاجىزلارنى بوزەك قىلىشتا ئەمەس؛ مەۋجۇتلۇق بالىلار بىلەن بىللە خۇددى ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرىغا ئوخشاشلا ئويناشنى خالاشتا، ئەمما ھەرگىز ئۆزىنى ئاتا سۈپىتىدە چوڭ تۇتۇپ يۇقىرى تۇرۇۋېلىشتا ئەمەس.

## 133

مەۋجۇتلۇق ساددىلىق ھەم تەبىئىيلىكتە، پىشقەدەملەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشتا، ئۇلار بىلەن قېرى كاۋچۇك دەرىخى سايىسىدە بىللە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىشتا، باھار بىلەن ماس قەدەم تاشلاشتا.

## 134

ناۋادا، ئەقىل ـ پاراسەت يېغىلمايدىغان دەرىجىدە ھاكاۋۇرلاشسا، كۆلمەيدىغان دەرىجىدە دەبدەبىلىك بولۇۋالسا، باشقىلارغا قارىمايدىغان دەرىجىدە مەغرۇرلانسا، ئۇ ھەقىقىي ئەقىل ـ پاراسەت بولماي قالىدۇ.

## 135

ماھىيەتنى بىلىش — ھەرقانداق نەرسىنى بىلىشنىڭ ئاساسىدۇر. ماڭا ئۆز ماھىيىتىمنى بىلىش تەئەللۇقتۇر ۋە مەن ئۇنى ئاخىرغىچە ئۆگىنىمەن. ئۇنىڭ ھەربىر چېكىتلىرىنى، سۆھبەتلىرىنى ۋە بۇلاردىن باشقا ھەممە ئۇششاق ـ چۈششەكلىرىگىچە بىلىشىم كېرەك! مەن قەلبىمدىكى يوشۇرۇن سىرلارنى يوشۇرۇپ تۇرغان پەردىنى قايرىپ، يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇرىدىكى چۈشەنمەسلىكنى تۈگىتىشىم كېرەك. ماددىي تۇرمۇش بىلەن مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ئەھمىيىتىنى بىلىشىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



كېرەك.

136

دانىشمەنلىكنىڭ ئاساسى — ئۆز ــ ئۆزىنى بىلىشتۇر.

137

ئادەم جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ھەممە نەرسىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرسە، بۇ ھەممىنى تاڭ قالدۇرىدىغان ئاجايىپ ئىجادىيەتتۇر.

138

قىزغىنلىق بىر يالقۇن تاغ بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ھەرگىزمۇ ئىككىلىنىش ئوت ــ چۆپلىرى ئۈنمەيدۇ.

139

پەقەت سېنىڭ كۆزۈڭدىكى دۇنيا كىچىكلىگەندىلا، ئاندىن شادلىقىڭ ۋە غەم ــ قايغۇلىرىڭ يوغىنايدۇ.

140

ئىلىم ــ پەن ساڭا ئۇرۇق چاچقۇچى بولماستىن، بەلكى قەلبىڭدىكى ئۇرۇقلارنى بىخلاتقۇچىدۇر.

141

كىشىلەر نادانلىق ناشۇدلۇقنىڭ بۆشۈكى، ناشۇدلۇق

خاتىرجەملىكنىڭ ئارامگاھى، دېيىشىدۇ. ئىنسانىڭ قورسىقىدىن روھى ئۈلۈك چۈشكەن، دۇنيادا پەرۋاسىز ياشايدىغان خاموش ئادەملەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ گەپ ئېھتىمال توغرىدۇ. بىراق، قارىغۇ نادانلىق يېپىق ئويغانغان ھېسسىياتقا يېقىن تۇرۇۋالغان چاغدا، بۇ خىل نادانلىق تېگى كۆرۈنمەس چوڭقۇر ھاڭدىنمۇ دەھشەتلىك، ئۆلۈمدىنمۇ بەتتەر ئېچىنىشلىق كۆرۈنىدۇ. ھېسسىياتقا باي، ئەمما بىلىمى كەم زېرەك ئۆسمۈر قۇياش نۇرى ئاستىدىكى ئەڭ بىچارە جان ئىگىسى، چۈنكى ئۇ بىر ـ بىرىگە قارشى غايەت چوڭ ئىككى كۈچنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ؛ ئۇ كۈچنىڭ بىرى يوشۇرۇن كۈچ بولۇپ، بۇ كۈچ ئۇ ئۆسمۈرنى بۇلۇتلۇق ئاسمانغا ئاچىقىپ، ئۇنىڭغا خىيالىي چۈشلەرنىڭ تۇمانلىرى ئىچىدىن ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرسىتىدۇ؛ يەنە بىرى، ئاشكارا كۈچ بولۇپ، ئۇنى يەر يۈزىدىن مىدىرلاتمايدۇ، كۆزىنى توپا ـ چاڭلار بىلەن توسۇپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئېزىقتۇرىدۇ، ساراسىمىگە سالىدۇ.

## 142

دۇنيادىكى بارلىق ئۇلۇغۋار، گۈزەل نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ يۈرەك قېتىدىكى ئوي ـ پىكىر، ئەقىل ـ ئىدراكلارنىڭ مەھسۇلى.

## 143

دوستلۇق سۆيگۈ ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ، ھەممەتدارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

بىلەن ھوسۇل ئالىدىغان يەر. ئۇ سېنىڭ ئوزۇقۇڭ ھەم ئوچىقىڭ. چۈنكى، سەن تەشنالىقتىن ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرىسەن، ئۇنىڭدىن ئامانلىق ئىزدەيسەن.

## 144

دوستلۇق ساڭا قەلبىنى ئىزھار قىلغاندا، كۆڭلۈڭدىكى «ياق» دېگەن سۆزنى دېيىشتىن قورقما، «ماقۇل» دېگەن سۆزنىمۇ يوشۇرۇپ قالما. ئۇ سۈكۈت ئىلكىدە تۇرغاندا، قەلبىڭ ئۇنىڭ قەلبىنى تىڭشىسۇن. چۈنكى، دوستلۇقتا جىمى ئوي ــ پىكىر، ئارزۇ ــ ئارمان ھەم ئۈمىدلەر ئاۋازسىز سۆزلىشىش بىلەن ئورتاقلىقتا ئىگە بولىدۇ.

## 145

دوستلۇق ئىككى قەلبنىڭ تۇتىشىشىنى ئىزدەشتىن باشقا، ھېچقانداق نەرسىنى ئىزدەشنى مەقسەت قىلمىسۇن. چۈنكى، ئۆز سىرىنى ئاشكارىلاشقا تاقەتسىزلەنگەنلىك سۆيگۈ ھېسابلانمايدۇ، ئۇ پەقەت دەرياغا تاشلىنىپ، كېرەكسىز نەرسىلەرنى سۈزگەن تور، خالاس.

## 146

ئەڭ گۈزەل نەرسىلىرىڭنى دوستۇڭغا بەر. مۇبادا، ئۇ سېنىڭ ھايات دولقۇنلىرىڭنىڭ پەسىيىدىغان چاغلىرىنى بىلىشنى زۆرۈر دەپ قارىسا، سەن ئۇنىڭغا ھايات

دولقۇنلىرىڭىنىڭ ئۆرلەيدىغان چاغلىرىنىمۇ بىلدۈرگىن.

## 147

دوستلۇق — ئەبەدىي بىر شېرىن مەسئۇلىيەت، ھەرگىز بىر خىل پۇرسەت ئەمەس.

## 148

ئەگەر سىلەر ساداقەتسىز بىر خوتۇننى سوتلىماقچى بولساڭلار، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئېرىنىڭ قەلبىنى تارازىغا سېلىپ كۆرۈڭلار، ئېرىنىڭ روھىنى ئۆلچەپ بېقىڭلار.

## 149

ئىككى ئايال سۆزلەشكەندە، ئۇلار ھېچنېمە دېيىشمەيدۇ. بىر ئايال ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىگەندە سىرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېچىۋېتىدۇ.

## 150

ئايال خەق تەبەسسۇم بىلەن رۇخسارىنى يوشۇرالايدۇ.

## 151

نۇرغۇن قىزلار يىگىت قەلبىنى ئۇتنە ئالالايدۇ، ناھايىتى ئاز قىزلار يىگىت قەلبىنى ئىگىلىيەلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## 152

ئىنسانلارنىڭ بەخت ــ سائادىتى ئاياللارنىڭ سەزگۈر يۈرىكىدىن كېلىدۇ، ئاياللارنىڭ سەلتەنەتلىك قەلب قەسرىدە ئىنسانلارنىڭ ھېسسىياتى يېتىلىدۇ.

## 153

ئادەمنىڭ ئىچكى ھېسسىياتى قىزلارنىڭ قەلبىدە تۇيۇقسىز ئويغانغان، سېھىرلىك كۈچ مۇجەسسەملەنگەن كۈي ــ ناۋالار بىلەن تويۇنغان، ئۇلارنى ھەر دەقىقە ساماۋى خىيال قوينىدا ئەللەيلىتىدىغان، دانىشمەننىڭ ئەينىكىگە ئوخشايدىغان كىچىلەردىكى سىرلىق ھېسسىياتلىرىدىنمۇ پاك ۋە شېرىن بولماس. تەبىئەت دۇنياسىدا قىزغا ئىرادە بېغىشلاپ ئۆتمۈشىنىڭ ئەسلىمىلىرىنى تۆكتىشتىنمۇ، شېرىن غايىلەر بىلەن ئۇ ئالەمدە تىرىلىشتىنمۇ، توختاۋسىز ھەرىكەت قىلىشتىنمۇ كۈچلۈك ھەم گۈزەل سىر بولماس.

## 154

— قارىغىنا، ئاۋۇ قىز تۇنۇگۇن مېنىڭ كۆكسۈمگە باش قويغانىدى، — دېدىم مەن دوستۇمغا، — بۈگۈن ئاۋۇ يىگىتنىڭ كۆكسىگە باش قويۇپتۇ.

— ئەتە مېنىڭ كۆكسۈمگە باش قويىدۇ، — دېدى دوستۇم.

— تۈنۈگۈن مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرغانىدى، بۈگۈن ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرىدۇ، — دېدىم.

— ئەته مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرىدۇ، — دېدى دوستۇم.

— قارىغىنا، ئەنە ئۇ يىگىتنىڭ رومكىسىدىكى شارابنى ئىچىۋاتىدۇ، تۈنۈگۈن شارابنى مەن بىلەن ئىچكەنىدى.

— ئەته مەن بىلەن ئىچىدۇ، — دېدى دوستۇم.

— قارىغىنا، — دېدىم مەن، — ئۇ يىگىتكە مۇھەببەت بىلەن شۇنچە خۇمارلىق بېقىۋاتىدۇ، تۈنۈگۈن ماڭا شۇنداق باققانىدى.

— ھەئە، ئەتىمۇ شۇنداق باقىدۇ، — دېدى دوستۇم.

— قارىغىنا، ئۇ يىگىتنىڭ قۇلىقىغا يېقىن كېلىپ سۆيگۈ ناخشىسىنى ئېيتىۋاتىدۇ، تۈنۈگۈن مېنىڭ قۇلاقلىرىمغا پىچىرلىغانىدى، — دېدىم مەن.

— ئەته مۇھەببەت قوشاقلىرىنى ماڭا ئېيتىدۇ، — دېدى دوستۇم.

— قارا، قارا، ئۇ يىگىتنى قۇچاقلاۋاتىدۇ، — دېدىم مەن، تۈنۈگۈن مېنى قۇچاقلىغانىدى.

— ئەته مېنى قۇچاقلايدۇ، — دېدى دوستۇم.

— ئۇ نېمىدېگەن غەلىته ئايال ـ ھە! — دېدىم مەن.

— ئۇ ھاياتقا ئوخشاش، ئۇنى ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ قىلالايدۇ، — دېدى دوستۇم.

155

ئۇيغۇر كىتاب تورى · ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى · www.uyghurkitap.com

بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئادەم ئۇنى ئۆزۈمنىڭ ئۆمۈرلۈك جورا ــ ھەمراھىم دەپ بىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ساپ تەر ۋە پۈتۈن يۈرەك قېنىنى قىز ئۇچۇن سەرپ قىلىدۇ، جاپالىق ئەمگەك ۋە كۈرەشلىرىنىڭ مول مېۋە ــ نەتىجىلىرىنى شۇ قىزغا بېغىشلايدۇ. ئەمما، كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۈتمىگەندە ئۇ قىزنىڭ ئۆزى تىنىمسىز كۈندۈزلىرى ۋە ئۇيقۇسىز تۈنلىرى بەدىلىگە ئېرىشمەكچى بولغان قەلبىنىڭ ئاللىقاچان باشقا بىر كىشىگە ھېچقانداق بەدەلسىزلا بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى، ھېلىقى كىشىنىڭ قىز قەلبىنى ئىگىلەپ، ئۇنىڭ مۇھەببىتىدىن لەززەتلىنىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالىدۇ. بۇنداق ئادەم نېمىدېگەن بەختسىز ــ ھە!

## 156

بىر ئايالنىڭ بەختى ئەرنىڭ شان ــ شۆھرىتىدە، ھوقۇق ــ ئەمەلىدە، مەردلىكىدە ۋە كۆڭۈل ــ كۆكسىنىڭ كەڭلىكىدە ئەمەس، بەلكى ئىككى تەرەپنىڭ مۇھەببىتىدە.

## 157

ھەقىقىي تۇرمۇش تەمىنى تېخى تېتىپ كۆرمىگەن، ئەبەدىيلىك دۇنياسىدىن كېلىپ يەنە ئەبەدىيلىك دۇنياسىغا كېتىدىغان ئادەملەر ئىككى ئەركەكنىڭ ئوتتۇرىسىدا تېڭىرقاپ تۇرغان ئايالنىڭ ئازابلىرىنى چۈشەنمەيدۇ. بىر

ئەركەكنى ئۇ ئايال ئەرشتىكى ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچە چىن مۇھەببەت بىلەن سۆيگەن، يەنە بىر ئەركەك بىلەن بولسا بۇ پانىي ئالەمدىكى قانۇنغا ئاساسەن توي قىلغان. بۇ — شۇ ئايالنىڭ قېنى ۋە يېشى بىلەن يېزىلغان تراگېدىيە، ئەركەكلەر ئۇنى ئوقۇپ كۈلۈشىدۇ، چۈنكى ئۇلار چۈشەنمەيدۇ. ئەگەر چۈشەنسە، ئۇلارنىڭ كۈلكىسى ئەيش — ئىشرەت ۋە ۋەھشىيلىككە ئايلىنىدۇ. ئۇلار شۇ ئايالنىڭ بېشىغا غەزەپ توقماقلىرىنى ياغدۇرىدۇ، قولىقىغا يېقىن كېلىپ، ئۇنى جان — جەھلى بىلەن تىللايدۇ ۋە قارغايدۇ. بۇ بىر ئېچىنىشلىق ھېكايە. ئۇنىڭدا بىر ئايالنىڭ يۈرىكىدە ھۆكۈم سۈرگەن ئۇزاق قاراڭغۇ كېچىلەر تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئايالنىڭ جىسمىنى بىر ئەركەكنىڭ كارىۋىتى چىرمىۋالغان. ئۇ تېخى توي قىلىشنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلمەيدىغان چېغىدىلا بۇ ئەركەك ئۇنىڭ ئېرىغا ئايلىنىپ قالغان. ئەمما، بۇ ئايالنىڭ قەلبى باشقا بىر ئادەمگە تەلپۈنىدۇ، ئۇ شۇ ئادەمنى سۆيىدۇ، قەلبىدىكى پۈتۈن مۇھەببىتى، مۇھەببەتنىڭ بارلىق پاكلىقى ۋە لەززىتى بىلەن سۆيىدۇ. بۇ بىر قورقۇنچلۇق ئىلىشىش. بۇ ئىلىشىش ئايالنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ئەرنىڭ قۇدرىتى پەيدا بولغاندىن تارتىپ باشلانغان بولۇپ، پەقەت ئاجىزلىق — قۇدرەتكە باش قويىدىغان كۈن يېتىپ كەلگەندىلا ئاندىن ئاياغلىشىدۇ، شۇنداقلا بۇ ئالەمدىكى چىرىك قانۇن بىلەن قەلبنىڭ مۇقەددەس مۇھەببىتى ئوتتۇرىسىدىكى مىسلىسىز جەڭ

باشلىنىدۇ.

158

نادانلىق — ئاياللاردا تەمەگەرلىكنى ئويغىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئار – نومۇسنى ئۇنتۇپ، ئۆز ئەرلىرىدىن چانىدۇ – دە، ئۆزىدىنمۇ شەرمەندە، نومۇسسىز باشقا بىر ئەركەكنىڭ قېشىغا بېرىپ، شەھۋانىي نەپسىنى قاندۇرىدۇ.

159

ئىلاھىي گۈزەللىك ۋە نازۇك تەن ئاتا قىلىنغان قىزلار كۆزگە پەۋقۇلئاددە ئىسسىق كۆرۈنىدۇ، ئۇلارنى چۈشىنىشمۇ قىيىن. بىز ئۇلارنى مۇھەببەت ئارقىلىق چۈشىنىشكە ئۇرۇنىمىز، ئۇلارغا ساپ ھېسسىياتىمىز بىلەن يېقىنلىشىشنى خالايمىز. ئەمما، ئۇلارنى تىل بىلەن تەسۋىرلىمەكچى بولغىنىمىزدا ئۇلار تۇمانلار ئىچىگە شۇڭغۇپ، كۆز ئالدىمىزدىن غايىب بولىدۇ.

160

بوۋاي يۈكسەك ئابرۇي، ئالىي پەزىلەتكە ئىگە ئۆز قىزىنى ياخشى كۆرۈش بەختىدىن باشقىنى ئويلىمايدۇ.

161

ئاياللارنىڭ يۈرىكى مەزگىلگە قاراپ ئۆزگەرمەيدۇ،

پەسىلگە قاراپ ئالماشمايدۇ. ئاياللارنىڭ يۈرىكى ئۇزاققىچە جان تالىشىدۇ، ئەمما ئۆلمەيدۇ. ئاياللارنىڭ يۈرىكى گويا كەڭ دالا، كىشىلەر ئۇنى بىر ـ بىرىنى قىرىدىغان جەڭ مەيدانى قىلىۋالغان؛ ئۇلار ئۇنىڭدىكى دەل ـ دەرەخلەرنى قومۇرۇپ تاشلايدۇ، ئۇنىڭ قىممەتلىك بايلىقلىرىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىدۇ، تاغ ـ تاشلىرىنى قانغا بوياپ، كاللىلار ۋە كاللىسىز جەسەتلەر بىلەن توشقۇزىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئىبادەت قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ كۆڭلىدەك جىمجىت، تەمكىن، دەرد ـ ئەلەملەرگە چىداشلىق، باھاردەك ئىللىق ۋە مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ...

## 162

ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى ئاياللارنىڭ ئىچىنى ئازراق ئاچقان بولسىمۇ، لېكىن ئەرلەر بىردەك نەپسانىيەتچى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئازابلىرى ئازىيىش تۈگۈل، ئەكسىچە كۆپەيمەكتە.

## 163

تۈنۈگۈنكى ئاياللار بەختنىڭ قۇلى ئىدى، بۈگۈنكى ئاياللار پاجىئەنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى؛ تۈنۈگۈن ئۇلار كۈپكۈندۈزدە ئەمادەك يول ماڭاتتى، بۈگۈن ئۇلارنىڭ كۆزى ساق، ئەمما قاراڭغۇ كېچىلەردە يول يۈرۈۋاتىدۇ. بۇرۇن ئۇلار نادانلىقى بىلەن گۈزەل كۆرۈنگەن، چۈنكى ئۇلار ساددىلىقى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بىلەن دىيانەتلىك، ئاجىزلىقى بىلەن كۈچلۈك ئىدى: ھازىر ئۇلار گۈزەللىكى بىلەن سەتكە، سەزگۈرلۈكى بىلەن بىلىمسىزگە ئايلىنىپ قالدى. بىر كۈنلەر كېلىپ، ئۇلار گۈزەللىكى بىلەن بىلىمى، ناتىۋانلىقى بىلەن دىيانىتى، سەرۋىدەك بويى بىلەن قەيسەرلىكى تەڭ يېتىشكەن ئاياللاردىن بولالارمۇ؟!

## 164

ئاياللار بىر مەزگىل ئىلگىرىلەپ، بىر مەزگىل كەينىدە قالغان بولسا، بۇ ئۇلارنىڭ تاغنىڭ چوققىسىغا چىققۇچىلىك قاتمۇقات توسالغۇلارغا ئۇچرىغانلىقىدىن، ئۇ يەردە قاراقچىلارنىڭ مۆكۈنۈپ ياتقانلىقىدىن، چىلبۆرىلەرنىڭ ئۇۋىسىنىڭ كۆپلۈكىدىن بولغان. بۇ تاغ ئۇيقۇدىن يېڭى ئويغانغان ئادەمنىڭ كۆزىگە گۇڭگا كۆرۈنىدۇ، ئۇنىڭغا چىقىدىغان يولنىڭ ئىككى تەرىپى كەلكۈن كەلگەن يىللاردىن قېپقالغان لاتقىلار ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئۇرۇقلىرى بىلەن قاپلانغان.

## 165

ئەرلەر شان ــ شۆھرەت، نام ــ ئابروي قازىنىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ، ئەمما بۇ مەقسەتلەرنىڭ قۇربانى يەنىلا ئاياللار.

## 166

ئاياللار ئەرلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن كۈچ ــ قۇۋۋەت ئالىدۇ، ئاشۇ كۈچ ــ قۇۋۋەت بىلەن ئەرلەرنى بويسۇندۇرىدۇ.

## 167

مۇزىكا — قەلبنىڭ تىلى، ھېسسىيات تارىلىرىنى چېكىدىغان مەيىن شامال ۋە ھېسسىيات ئىشىكىنى ئاچىدىغان نازۇك بارماق. ئۇ كىشىنىڭ ئەسلىمىلىرىنى ئويغىتىپ، كېچىدىكى خۇپىيانە ئىشلار بىلەن ئۆتمۈشتىكى ئىشلارنى كۆز ئالدىمىزدا زاھىر قىلىدۇ.

## 168

مۇزىكا — سېھرىي كۈچكە ئىگە نەپىس كۈي. ئۇ مۇڭلۇق بولسا كىشىگە دەرد ــ ئەلەم تارتقان چاغلارنى ئەسلىتىدۇ؛ شوخ ۋە شادىيانە بولسا، كىشىگە ئاسايىش، شادىمان چاغلارنى ئەسلىتىدۇ.

## 169

مۇزىكا — ئادەمنى شادلاندۇرىدىغان كۈي ــ ئاۋازلارنىڭ يىغىندىسى. سەن ئۇنىڭدىن زوقلانساڭ، ئۇ سېنىڭ قەلب قەسرىڭنى ئىلكىگە ئېلىۋالىدۇ ۋە باغرىڭدا شادلىق ئۇسسۇلى ئوينايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۇ سازنىڭ تارىلىرىدىن چىققان تىترەك سادا بولۇپ، ھاۋادىكى ئاۋاز دولقۇنلىرىنى قۇلىقىڭغا قويىدۇ، گاھىدا تامچە ئىسسىق ياشقا ئايلىنىپ كۆزلىرىڭدىن سىرغىپ چۈشۈشىمۇ مۇمكىن. بۇ ياش دىلبىرىڭنىڭ پىراقىدىكى ھىجران يېشى ياكى ۋاقىت جاراھەتلىرى مەڭزىڭگە سىرغىتىپ چۈشۈرگەن ئازاب يېشى. ئۇ بەلكىم تەبەسسۇم بولۇپ لەۋلىرىڭدە پەيدا بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ئۇ بەخت بىلەن ئاسايىشلىقنىڭ ئىككىنچى خىل ئاتىلىشىدۇر.

ئۇ ئاخىرەتكە سەپەر قىلغان ئادەمنىڭ تېنى، ئۇنىڭدا ئىچكى دۇنيادىن كەلگەن روھ ۋە قەلب تۆرىدىن كەلگەن ئالاك بار.

## 170

مۇزىكا — چىراغقا ئوخشاش كىشى قەلبىدىن قاراڭغۇلۇقنى قوغلاپ، روھىي دۇنيانى يورۇتىدۇ ۋە يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى ئاچىدۇ.

## 171

مۇزىكا روھىمىزغا ھەمراھ بولۇپ، ھاياتىمىزدىكى ھەرقايسى باسقۇچلارنى بىز بىلەن بىللە بېسىپ ئۆتىدۇ. بىز بىلەن ھەمنەپەس بولىدۇ، راھەت ـ پاراغەتتە، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىز بىلەن بىللە بولىدۇ. مۇزىكا خۇشال

كۆڭلىمىزدە كۆڭلىمىزگە تەسەللى بېرىدىغان تۇغقانلارغا ئوخشايدۇ.

## 172

مۇزىكا شېئىرغا ئوخشايدۇ، رەسىمگە ئوخشاش ئادەمنىڭ ھەرخىل ھالەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، قەلبىدىكى ئوي — خىياللارنى تەسۋىرلەيدۇ، كۆڭلىدىكى شېرىن تۇيغۇلارنى بايان قىلىدۇ، سىغىنىشنى مىجەز - خاراكتېرگە ئايلاندۇرۇپ، ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى گۈزەل ئارزۇلارنى ئىزھار قىلىدۇ.

## 173

سەنئەت — ئەركىن قۇش. ئۇ خالىسا ئۇچىدۇ، خالىسا يەرگە چۈشىدۇ، دۇنيادا ھېچقانداق كۈچ ئۇنىڭغا كىشەن سالالمايدۇ، ئۇنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

## 174

سەنئەت — بىرخىل ئالىي روھكى، ئۇنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ.

## 175

مۇزىكانت ساز تولۇپ تاشقان ئاھاڭلارنى ياڭرىتىپ بېرەلەيدۇ، ئەمما ئاھاڭدىن ھۇزۇرلىنىدىغان قۇلاق ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

مۇزىكىغا جور بولىدىغان ئاۋاز ئاتا قىلالمايدۇ.

176

ناخشا ئىچىدە سەپەرگە ئاتلىنىڭلار، ئەمما ھەر بىر ناخشاڭلار ئىخچام ۋە مەزمۇنلۇق بولسۇن، چۈنكى ناخشا سادالىرىڭلار لىۋىڭلاردىن قانچە بالدۇر غايىب بولسا، كىشىلەرنىڭ قەلبىدە شۇنچە ئۇزاق ساقلىنىدۇ.

177

شېئىر — ئىپادە قىلىنىدىغان پىكىر ئەمەس، بەلكى يارا ئېغىزىدىن ياكى كۈلكە ئېغىزىدىن ئۇرغۇپ چىققان ناخشىدۇر.

178

ئىلھام — دائىملىق كۈيلەشتۇر، ئۇنىڭغا ئىزاھات كەتمەيدۇ.

179

ئوي - پىكىر — دائىم دېگۈدەك شېئىرنىڭ توسالغۇسىدۇر.

180

بىزنىڭ جىمجىتلىقىمىزنى ئىزھار قىلالىغۇچى ئەڭ

ئۇلۇغ ناخشىچىدۇر.

181

ئانا قەلبىدە جىم تۇرغان شېئىر بالا ئاغزىدىن چىقىدۇ.

182

سەنئەت — ئوچۇق ـ ئاشكارا ئالەمدىن يوشۇرۇن ئالەمگە تاشلانغان تۇنجى قەدەمدۇر.

183

بىز ھەقىقەتلەرنى بالىلىرىمىزغا قالدۇرىمىز، بالىلىرىمىز بالىلىرىغا قالدۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ھەقىقەت ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ.

184

سەن «ھەقىقەتنى تاپتىم» دېمەي، «ھەقىقەتنىڭ مەلۇم قىسمىنى تاپتىم» دېگىن.

185

سەن ھۆرلۈككە يەتمەكچى بولساڭ، جەزمەن بۇلۇت ـ تۇمانلارغا ئايلىنىشىڭ كېرەك. بارلىق شەكىلسىز مەۋجۇدىيەتلەر ھەر ۋاقىت شەكىلگە ئىنتىلىدۇ، ھەتتا ئاشۇ سانسىزلىغان يۇلتۇزلارنىڭ قۇياش ۋە ئايغا ئايلانغۇسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كېلىدۇ.

186

ئىنسانلار مېنىڭ ئاغزىلىرىغا دۇئا ـ تىلاۋەت، يۈرەكلىرىگە ھەقىقەت سېلىشىمنى خالمايدۇ. چۈنكى، دۇئا — قان قىزى، ھەقىقەت — كۆز يېشىنىڭ قىزى.

187

مۇتلەق ھەقىقەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. ئەمما، ئۆزۈمنىڭ نادانلىقى تۈپەيلى كەمتەرمەن، بۇنىڭغا مېنىڭ شەرىپىم ۋە ھەققىم سىڭگەن.

188

نۇرغۇن ھەقىقەت بىر دېرىزە، بىز شۇ دېرىزە ئارقىلىق ھەقىقەتنى كۆرەلەيمىز، شۇنداقلا ئۇ بىزنى ھەقىقەتتىن ئايرىپ تۇرىدۇ.

189

ئەڭ ئادىل كىشى — سەۋەنلىكلىرىڭنى كۆتۈرۈشۈپ بېرەلىگەن كىشىدۇر.

190

مۇبالىغە — ئاچچىقلانغان ھەقىقەتتۇر. پاكىت بولسا،

جىنسىي ئايرىمىسى يوق ھەقىقەتتۇر.

## 191

بىر ئادەم دۇرۇس بولسا، ئۇنى ھەرقانداق بىسىم ئازابلىيالمايدۇ. بىر ئادەمنىڭ قولىدا ھەقىقەت چىرىغى بولسا، ئۇنى قاراڭغۇلۇقمۇ يۇتۇپ كېتەلمەيدۇ.

## 192

ھەقىقەت بىلەن روھ ئەتىگە مەنسۇپ.

## 193

ھەقىقىي نۇر كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن كېلىدۇ. ئۇ روھنىڭ مۇڭلۇق داۋاسىنى قەلبكە بايان ئەيلەپ، قەلبنى ھاياتنىڭ شادلىقىغا ئايلاندۇرىدۇ، ھەقىقەتنى يۇلتۇزلارغا ئوخشاش كېچە قوينىدا نامايان قىلدۇرىدۇ. ھەقىقەت دۇنيادىكى جىمى گۈزەل شەيئىلەرگە ئوخشايدۇ، كىمىكى ئۇنىڭ قىممىتى يوق دەپ، رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇنىڭغا تەگسە، ئاندىن ئۇ ئادەمنى رازى قىلغۇدەك نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. ھەقىقەت سىرلىق ھېسسىيات بولۇپ، بىزنى تەربىيىلەيدۇ، سۆيۈندۇرىدۇ، بىزنى ھەممە ئادەمنىڭ شادلىنىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرگۈزىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى



194

تەڭرى كىمگە ھەقىقەت ئاتا قىلسا، ئادالەتسىزلىك، زوراۋانلىق ئۇنى يوقىتالمايدۇ. قېلىن قار بىلەن بوران — چاپقۇنمۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەلمەيدۇ.

195

رەھىم قىلىش ئاجىز ئادەملەرگىلا باب كېلىدۇ، بىگۇناھ ئادەملەرگە كېرەكلىكى دەل ئادىللىقتۇر.

196

بۇ دۆلەتتە گۇناھ بىلەن سەۋەنلىك پاكىتلىرى ھېلىھەم تۇمان قوينىدا توسۇلۇپ قالىدۇ. ئەمما، جىنايەت بىلەن جازا كىشىلەرنىڭ ئالدىدا گويا تۈندىكى چاقماقتەك نامايان بولىدۇ.

197

ئىسپاتلاش زۆرۈر بولغان ھەقىقەت — يېرىم ھەقىقەتتۇر.

198

ھەقىقەت — سۆزلىنىشتىن بۇرۇنلا ئاللىقاچان ھەقىقەت ئىدى.

199

«پەرزەنتىڭلار سىلەرنىڭ ئەمەس.

ئۇلار ھايات تەشنالىقىدىن بارلىققا كەلگەن ئوغۇل — قىزلاردۇر.

ئۇلار سىلەرنى ۋاستە قىلىپ بۇ دۇنياغا كەلگەنكى، زىنھار سىلەرگە ئەگىشىپ كەلگەن ئەمەس.

ئۇلار سىلەر بىلەن بىللە بولغىنى بىلەن، سىلەرگە مەنسۇپ ئەمەس.

سىلەر ئۇلارغا مېھىر — شەپقەت بەخش ئېتەلەيسىلەر، زىنھار ئىدىيە ئاتا قىلالمايسىلەر.

چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىدىيىسى بولىدۇ.

سىلەر ئۇلارنىڭ جىسمىنى قانات ئاستىڭلارغا ئالالايسىلەر، ئەمما ئۇلارنىڭ روھىنى قانات ئاستىڭلارغا ئالالمايسىلەر.

چۈنكى، ئۇلارنىڭ روھى ئەتىگە مەنسۇپ. ئۇنى سىلەر چۈشۈڭلاردىمۇ كۆرەلمەيسىلەر.

سىلەر تىرىشىش بىلەن ئۇلارنى دورىيالايسىلەركى، زىنھار ئۇلارنى ئۆزۈڭلارغا ئوخشاش قىلالمايسىلەر. چۈنكى، ھايات دەرياسى ئارقىغا ئاقمايدۇ، توختاپمۇ تۇرمايدۇ. سىلەر خۇددى كامالەك، پەرزەنتىڭلار — كامالەكتىن ئېتىلىپ چىققان ھاياتلىق ئوقىدۇر.

ئۇلۇغ مەرگەن ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمدىن نىشاننى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭگى ئادرېسى

قارىغا ئېلىپ، ئىلاھىي قۇدرەتنى بىلەن كىرىپچىكلارنى راسا كۆچەپ تارتىدۇ ــ دە، ئاندىن ئوقنى يىراق ــ يىراقلارغا ئاتىدۇ.

سىلەر مەرگەننىڭ بارماق ئىزلىرىدىن شادلىنىپ ئېرىشكەيسىلەر. چۈنكى، مەرگەن ئېتىلىپ چىقىپ كەتكەن ئوقنىمۇ، تىنچلانغان كامالەكنىمۇ سۆيىدۇ.

## 200

ئاتا ــ ئانىنىڭ ئۆز قىزلىرىنى ياتلىق قىلغان مىنۇتلاردا تارتىدىغان ئازابلىرى خۇددى بالاغەتكە يەتكەن يىگىتنىڭ ئۆز تويى ئۈچۈن قىز ــ قىنىغا پاتماي خۇشاللانغىنىغا ئوخشاش كۆچلۈك بولىدۇ. چۈنكى، كېيىنكىسى ئۆز ئائىلىسىگە يېڭى بىر ئادەمنىڭ قوشۇلغانلىقىدىن خۇشال بولسا، ئالدىنقىسى ئۆز ئائىلىسىنىڭ يۈرەك باغرى ئاتالغان بىر ئەزاسىدىن ئايرىلىپ قېلىشۋاتقىنىغا ئازابلىنىدۇ.

## 201

ئادەمنىڭ لەۋلىرى ئارىسىدىن چىقىدىغان ئەڭ شېرىن سۆز «ئانا»، ئەڭ چىرايلىق ناممۇ «ئانا». بۇ ئاددىي، ئەمما مەنىسى چوڭقۇر سۆز، ئۇنىڭدا ئۈمىد، مۇھەببەت، تەسەللى ۋە ئادەمنىڭ يۈرىكىدىكى ئەڭ يېقىملىق، شېرىن ۋە گۈزەل ھېس ــ تۇيغۇلار تولۇپ تاشقان. ئادەم ھاياتىدا «ئانا» —

ھەممە دېمەكتۇر. دەرد ــ ئەلەمگە ئۇچرىغاندا، ئۇ تەسەللى؛ غەم ــ قايغۇ باسقاندا، ئۇ ئۈمىد؛ ئىرادە بوشاشقاندا، ئۇ كۈچ؛ ئۇ ھېسداشلىق، كۆيۈمچانلىق، مېھرىبانلىقنىڭ بۇلىقى. كىمكى ئانىدىن ئايرىلىدىكەن، ئۇ مۆڭلانغاندا بېشىنى قويىدىغان مەيدىدىن، ئۆزىگە بەخت كەلتۈرىدىغان قولدىن، ئۆزىنى قوغدايدىغان كۆزدىن ئايرىلىدۇ...

## 202

تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەممە نەرسىدە ئانىنىڭ سىمۋولى ۋە ئىپادىسى ساقلانغان. قۇياش — كەڭرى زېمىننىڭ ئانىسى، ئۇ ئۆزىنىڭ ھارارىتى بىلەن زېمىننى ئىسىتىدۇ، نۇرى بىلەن زېمىننى قۇچاقلايدۇ. كەچتە ئۇ دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ بوش شاۋقۇنلىرى، قۇشلارنىڭ يېقىملىق ۋىچىرلاشلىرى، ئېرىقتىكى سۇلارنىڭ شىرىلداشلىرى بىلەن زېمىننى ئەللەي ئېيتىپ ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئاندىن كېتىدۇ.

## 203

كەڭ زېمىن دەل ــ دەرەخلەر بىلەن گۈل ــ گىياھلارنىڭ ئانىسى، ئۇ ئۇلارنى تۇغىدۇ، تەربىيىلەيدۇ، تاكى ئۇلار چوڭ بولۇپ ئەمچەكتىن ئايرىلغۇچە ئىسسىق قۇچىقىدىن ئاجراتمايدۇ. دەل ــ دەرەخ، گۈل ــ گىياھلار بولسا، شېرىن ــ شەربەت مېۋىلەر بىلەن ھاياتىي كۈچكە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى



ئەگە ئۇرۇقلارنىڭ مېھرىبان ئانىسى. كائىناتتىكى پۈتكۈل مەۋجۇداتنىڭ ئانىسى بولسا، گۈزەللىك ۋە مۇھەببەتكە تولغان، بىر نۇقتىدىن باشلانمايدىغان ۋە بىر نۇقتىدا ئاخىرلاشمايدىغان، مەڭگۈ يوقالمايدىغان مۇتلەق روھ.

## 204

ئانىنىڭ نامى ئىنسان يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدە ساقلىنىدۇ. بىز قايغۇغا پاتقان، شادلانغان چاغلىرىمىزدا، بۇ نام بىزنىڭ ئېغىزىمىزدىن گويا ئۇچۇق ھاۋادا ياكى سىم – سىم يامغۇردا ئەتىرگۈلنىڭ بەرگىلىرىدىن خۇشبۇي پۇراق چېچىلغاندەك چېچىلىدۇ.

## 205

سەن مال – دۇنيالىرىڭنى باشقىلارغا بەرسەڭ، پەقەت تېرىقتەك ئىلتىپات قىلغان بولىسەن.

پەقەت پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن شەپقەت ياغدۇرغان چېغىڭدىلا، سەن ھەقىقىي ئىلتىپات قىلغان بولىسەن.

## 206

بەزىلەر نۇرغۇن مال – دۇنيالىرىنىڭ ئازراق بىر قىسمىنى باشقىلارغا نام – شۆھرەت چىقىرىش ئۈچۈن بېرىدۇ. بۇنداق غەرەز يوشۇرۇنغان سوۋغىمۇ دۇرۇس بولمايدۇ.

بەزىلەرنىڭ پەقەت ئازراق مال – دۇنياسى بولسىمۇ،

ئۇنىڭ ھەممىسىنى كىشىلەرگە بېرىدۇ. ئۇلار ھاياتقا ۋە ھاياتنىڭ گۈزەللىكىگە ئىشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ خەزىنىسى مەڭگۈ قۇرۇقدىلىپ قالمايدۇ.

بەزىلەر خۇشاللىق بىلەن بېرىدۇ. بۇ خۇشاللىق ئۇلار ئۈچۈن بىرخىل ئىنئامدۇر.

بەزىلەر ئازابلىنىپ تۇرۇپ بېرىدۇ، بۇنداق ئازابلىنىش ئۇلارنى تاۋلايدۇ.

يەنە بەزىلەر كىشىلەرگە بەرگەندە ئازاب ھېس قىلمايدۇ، خۇشاللىق ئىزدىمەيدۇ ھەم ساۋاب تېپىشنىمۇ مەقسەت قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىلتىپاتى خۇددى تاغ جىلغىسىدىكى گۈل ــ گىياھلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ خۇش پۇراقلىرىنى ھاۋاغا تەقدىم قىلىۋەتكىنىگە ئوخشىشىدۇ.

تەڭرىم ئۇلارنىڭ قولى ئارقىلىق سۆزلەيدۇ، كۆزلىرىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، زېمىنغا قاراپ تەبەسسۇم قىلىدۇ.

## 207

سورىغانغا بېرىش ئەلۋەتتە ياخشى، ئەمما سورىمىسىمۇ بېشارەتكە قاراپ ئىلتىپات كۆرسىتىش تېخىمۇ ئەۋزەل.

## 208

سېخىيلار، خەير ــ ساخاۋەت قىلغۇچىلار ئۈچۈن ياردەمگە موھتاج كىشىنى تېپىش شادلىقى — تەقدىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



قىلىش شادلىقىدىن ئارتۇق.

## 209

سەن دائىم: «مەن بىرىمەن، ئەمما بىرىشكە ئەرزىيدىغان كىشىلەرگىلا بىرىمەن» دەيسەن. بىراق، باغلىرىڭدىكى دەل ــ دەرەخلەر ۋە يايلاقتىكى قوي ــ كالىلىرىڭ بۇنداق قارىمايدۇ. ئۇلار ياشاش ئۇچۇن بىرىدۇ، چۈنكى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئۆزى يوقىلىشتۇر.

## 210

ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ساخاۋەتچى بولۇشقا لايىق ياكى لايىق ئەمەسلىكىڭنى، كىشىلەرگە ئاش بىرىدىغان چىنە بولۇشقا لايىق ياكى ئەمەسلىكىڭنى بىلىپ باق.

چۈنكى، راستىنى دىگەندە بۇ پەقەت ھاياتنىڭ ھاياتقا بىرىشىدۇر. سەن ئۆزۈڭنى ساخاۋەتچى ھېسابلىساڭمۇ، ئەمەلىيەتتە پەقەتلا بىر شاھىتسەن، خالاس.

## 211

سىلەر ھەممىڭلار قوبۇل قىلغۇچىلار، سىلەر قوبۇل قىلغىنىڭلار ئۇچۇن جاۋاب قايتۇرىمەن دەپ يۈك كۆتۈرۈۋالماڭلار، بولمىسا، ئۆزۈڭلارغا ۋە ساخاۋەتچىلەرگە سىرتماق سېلىپ قويغان بولىسىلەر.

بۇنىڭدىن كۆرە، سوۋغاتنى قانات قىلىپ،

ساخاۋەتچىلەر بىلەن بىللە كۆكتە پەرۋاز قىلىڭلار. چۈنكى، ئۆزۈڭلارنىڭ قەرزىنى ئارتۇق مۆلچەرلەپ كەتسەڭلار، مېھرىبان زېمىننى ئۆزىگە ئاتا قىلغان تەڭرىنى ئاتا دەپ بىلگەنلەرنىڭ ياخشى نىيىتى ۋە مەردلىكىدىن گۇمانلانغان بولىسىلەر.

## 212

بىرى قول سوزسا، بىرەر تەڭگە بەر. بۇ بىر تەڭگە خۇددى بىر تىللادەك سېنى يۈكسەك پەزىلەت بىلەن باغلاپ تۇرىدۇ.

## 213

تىرىشىپ ئىشلىمىگەن، ھورۇنلۇق قىلغان ئادەملەرگە سەدىقە بېرىشكە بولمايدۇ.

## 214

بېرەي دېسىمۇ، ئالغۇدەك كىشى تاپالمىغان باينىڭ دەردى تىلىسىمۇ سەدىقە ئالالمىغان گادايىنىڭ ئۈمىدسىزلىكىدىن ئېچىنىشلىق!

## 215

مېھنەت قىلغان چېغىڭدا، سەن خۇددى بىر نەيگە ئايلىنىسەنكى، يۈرىكىڭدىن ئۆرغۈپ چىققان سىرلىرىڭ مۇزىكىغا ئايلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



216

ئەگەر سۆيگۈ بولمىسا، ھەرقانداق خىزمەت مەنىسىزدۇر.

217

قەلبىڭ مۇھەببەتكە تولۇپ ئىشلىگىنىڭدە، ئۆزۈڭ بىلەن، ئىنسانلار بىلەن بىرلىشەلەيسەن.

218

قانداق قىلغىنىڭدا، قەلبىڭ مۇھەببەتكە تولۇپ ئىشلىگەن بولىسەن؟!

يۈرىكىڭدىن يىپەك سۇغۇرۇپ ئەتلەس توقۇ، ئۇنىڭدىن تىكىلگەن كىيىمنى خۇددى سۆيگىنىڭ كىيىدىغاندەك.

قىزغىنلىق بىلەن ئۆي ـ ئىمارەت سال، ئۇنىڭدا خۇددى سۆيگىنىڭ تۇرىدىغاندەك.

ئىللىقلىق بىلەن ئۇرۇق چاچ، ھوسۇلنى خۇشاللىق بىلەن ئورۇپ يىغىۋال، خۇددى ئۇنىڭدىن سۆيگىنىڭ ئوزۇقلىنىدىغاندەك.

شۇ چاغدىلا، ئۆزۈڭ ئاپىرىدە قىلغان بارلىق نەرسىلىرىڭنى ئۆز روھىڭنىڭ تىنىقلىرى بىلەن سۇغارغان بولىسەن. جەننەتتىكى پەرىشتىلەر بۇنى بىلىپ تۇرىدۇ، ساڭا نەزەر سالىدۇ.

## 219

ئەجىر — كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان مۇھەببەتتۇر.

## 220

سىنىڭ خۇشاللىق بىلەن ئەمەس، بەلكى بىزار بولۇپ ئىشلىگىنىڭدىن ھېچ ئىش قىلمىغىنىڭ تۈزۈك. بىزار بولۇپ ئىشلىگىنىڭدىن كۆرە، مەسچىت دەرۋازىسى ئالدىدا ئولتۇرغىن ــ دە، خۇشاللىق بىلەن ئىشلىگۈچىلەردىن تىلىگىن.

## 221

ئەگەر سەن قول ئۇچىدىلا نان ياقىدىغان ناۋاي بولساڭ، ياققان نېنىڭ بەتتام بولىدۇ ــ دە، بىر ئادەمنىمۇ ئاچلىقتىن قۇتۇلدۇرالمايسەن.

## 222

ئەگەر سەن مىننەت قىلىپ تۈرۈپ شىرنە چىقارساڭ، ئۇنداق شىرنەڭ زەھەر بولىدۇ.

## 223

مۇبادا ئىلىم ــ سىتىمدا ئىنسانىي قەلب ۋە ئادىللىق بولمايدىكەن، ئۇ ھالدا بەزىلەر يالماۋۇزغا ئايلىنىپ كېتىدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



بەزىلەر سارغىيىپ سامان بولىدۇ.

224

بىكار تەلەپ كىشىلەرنى ئېلىم ـ سېتىم ئىشلىرىڭلارغا ئارىلاشتۇرماڭلار، ئۇلار گەپدانلىق قىلىپ سىلەرنىڭ ئەمگىكىڭلارنى بۇلىۋالىدۇ. سىلەر ئاشۇنداق كىشىلەرگە: «بىز بىلەن بىللە ئېتىزلارغا بېرىڭلار ياكى قېرىنداشلىرىمىز بىلەن بىللە دېڭىزغا تور سېلىڭلار، چۈنكى دېڭىز بىلەن قۇرۇقلۇق سىلەر ۋە بىز ئۈچۈن ئوخشاشلا سېخىي» دەڭلار.

225

ئۆز خىياللىرىنى ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ئايلاندۇرغان ئادەم — ئەڭ بىچارە ئادەمدۇر.

226

شان ـ شۆھرەت — قىزغىنلىقنىڭ قۇياش نۇرىدا چۈشكەن سايىسىدۇر.

227

گۈلنىڭ يىلتىزى — شان ـ شەرەپنى ئۇنتۇغان گۈلدۇر.

228

قايغۇ ـ ھەسرەت سەندە قانچىكى چوڭقۇر ئىز

قالدۇرغان بولسا، سەن قەلبىڭگە شۇنچە كۆپ شادلىقنى سىغدۇرالايسەن.

## 229

شادلىقتا چۆمگىنىڭدە، قەلبىڭ چوڭقۇرلۇقىغا نەزەر سالساڭ، بۇرۇن سېنى ھەسرەتكە دۇچار قىلغان نەرسىلەرنىڭ ئەمدى سېنى شادلىققا چۆمدۈرگەنلىكىنى بىلىسەن.
ھەسرەت چەككىنىڭدە، قەلبىڭ چوڭقۇرلۇقىغا نەزەر تاشلىساڭ، بۇرۇن سېنى كۈلدۈرگەن نەرسىلەرنىڭ ئەمدى سېنى يىغلىتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسەن.

## 230

سېنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىڭ بىلىملىرىڭنى ئوراپ تۇرغان شاكاللارنىڭ يېرىلىشىدۇر. مېۋە ئۇرۇقچىلىرىمۇ يېرىلىدۇ، مېغىزلىرى قۇياش نۇرىدا ئاشكارىلىنىدۇ. شۇڭا، سىلەرمۇ ئازاب ـ ئوقۇبەتنى بىلىشىڭلار زۆرۈر.

## 231

ئەگەر سەن كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ خاسىيەتلىك ئىكەنلىكىگە ئىشەنسەڭ، ئۇنداقتا ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىڭنىڭ خاسىيىتىمۇ شادلىقتىن تۆۋەن تۇرمايدۇ.

## 232

نۇرغۇن ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى سەن ئۆزۈڭ تاللىۋالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى



ئۇلار جىسمىڭدىكى تېۋىپ، كېسەللىك تەگكەن ئەزايىڭغا شىپا ئاچچىق دورا. سەن ئۇ تېۋىپقا ئىشەنگىن، دورىسىنى ئۈن ــ تىنسىز يېگىن. تېۋىپنىڭ قوللىرى گەرچە قوپال ھەم قاتتىق بولسىمۇ، ئەمما مېھرىبان بىر قول ئۇنى يېتەكلەيدۇ. ئۇ تېۋىپ ئەكەلگەن دورا قاچىسى گەرچە لەۋلىرىڭنى كۆيدۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ قاچىنى كۇلالچى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس كۆز ياشلىرى بىلەن يۇغۇرغان ۋە ئوتتا پىشۇرۇپ ياسىغان.

233

راھەت — ھۆرلۈك ناخشىسىدۇر، ئەمما ئۇنىڭ ئۆزى ھۆرلۈك ئەمەس. ئۇ سېنىڭ ئارزۇيۇڭنىڭ چېچىكى، ئەمما مېۋىسى ئەمەس.

234

راھەت — چوڭقۇرلۇق بىلەن يۈكسەكلىكنىڭ سالاملىشىشى، ئەمما ئۇنىڭ ئۆزى چوڭقۇرلۇق ئەمەس، يۈكسەكلىكمۇ ئەمەس.

235

بەزى ياشانغان كىشىلەر راھەت ئېسىگە كەلسىلا خۇددى كەيپچىلىكتە ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكى ئېسىگە كەلگەندەك ئۆكۈنىدۇ. ئەمما، بۇ ئۆكۈنۈش كۆڭۈلنىڭ قايمۇقۇشى بولۇپ،

قەلبىنىڭ جازاسى ئەمەس.

## 236

ئاراڭلاردىكى بەزى ياشلار ئىزدەنمەيدۇ، بەزى پېشقەدەملەر ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلىمەيدۇ. ئۇلار ئىزدىنىش ۋە ئەسلەشتىن قورققاندا، بارلىق راھەتلەردىن يىراقلاپ كېتىدۇ. ئۇلار ئۆز قەلبى بىلەن يىراقلاپ كېتىش ياكى ئۆز قەلبىگە زىتلىشىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ ۋاز كېچىشى ئۇلار ئۇچۇن بىر خىل راھەتتۇر. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار تىترەۋاتقان قوللىرى بىلەن يىلتىزلارنى كولىسىمۇ، يەنىلا خەزىنىنى تېپىۋالىدۇ.

## 237

سىلەر راھەتنى رەت قىلغان چېغىڭلاردا، ئارزۇ — ئارمىنىڭلارنى قەلبىڭلارنىڭ يوشۇرۇن جايلىرىدا ساقلايسىلەر. بۈگۈن ساقلانغىلى بولمايدىغان ئىشلارنىڭ ئەتە يەنە يۈز بېرىدىغان — بەرمەيدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟! سېنىڭ تېنىڭمۇ ئۆزىنىڭ ئىرسىيەتلىك ۋە ئورۇنلۇق ئېھتىياجىنىڭ ئالدىنىشىنى خالىمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

## 238

ئەگەر مەنمۇ ئاچ — زار تۇغقانلىرىم قاتارىدا ئاچ — زار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

يۈرگەن، جاپاكەش قېرىنداشلىرىم قاتارىدا دەرد ــ ئەلەم تارتقان بولسام، ئۇ ھالدا كۈندۈزلەرنىڭ تاپانلىرى كۆكسۈمگە بوشراق دەسسىگەن، كېچىلەرمۇ كۆزۈمگە بۇنچىۋالا غۇۋا كۆرۈنمىگەن بولاتتى. چۈنكى، ئادەم جانجىگەرلىرى بىلەن جاپا ــ راھەتتە بىللە بولسا راھەتنى سېزىدۇ، بەختسىزلەر بىلەن بىللە ئازاب چەكسە پەخىرلىنىدۇ.

## 239

سەن بىلەن خۇشاللىقتا بىللە بولۇپ، جاپادا بىللە بولمىغان ئادەم — سەككىز جەننەتنىڭ ئاچقۇچىنى يوقىتىپ قويغان ئادەمدۇر.

## 240

قايغۇ — ئىككى گۈلزار ئوتتۇرىسىدىكى تام.

## 241

قايغۇ ئىلاھىنىڭ قوللىرى خۇددى يىپەكتەك يۇمشاق ۋە سەزگۈر، ئەمما ئۇ ئادەمنى مۇڭلاندۇرىدۇ، غېرىبسىندۇرىدۇ. زېرىكىش — قايغۇنىڭ، شۇنداقلا تۇرلۇك روھىي پائالىيەتلەرنىڭ دوستى. قايغۇ — زېرىكىشتە قالغان ياشنىڭ جېنى، ئۇ خۇددى ئەمدىلا ئېچىلغان پىيازگۈلگە ئوخشايدۇ: لەۋەن شامالدا سىلىق يەلپۈنىدۇ؛ بەرگىلىرى يېيىلىپ تاڭ نۇرىغا تەلپۈنىدۇ؛ تۈن پەردىسى يېيىلغان

هامان كۆزىنى يۇمىدۇ.

## 242

ئەگەر بىر ئادەم قايغۇلار ئىچىدە تۆرىلىپ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تۇغۇلمىسا ھەمدە پىكىر، خىيال بۆشۈكىدە يېتىلمىسە، ئۇنىڭ ھاياتى تەبىئەت كىتابىنىڭ بىر ئېغىزمۇ سۆز يېزىلمىغان ئاق بېتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

## 243

مەن خىلمۇخىل چىرايلارنى چۈشىنىمەن. چۈنكى، مەن ئۆز كۆزلىرىم ھاسىل قىلغان چۈمپەردىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى كۆرەلەيمەن.

## 244

ئەگەر كىمدەكىم قۇلچىلىق ۋە زۇلۇمغا قارشى ئىسيانغا ھۆرمەت قىلمىسا، ئۇ كىشى ھەقىقەت ئەركىنلىكىگە سازاۋەر بولالمىغان كىشىدۇر.

## 245

غەم ــ قايغۇنىڭ تاۋار ــ دۇردۇنىلاردەك پارقىراق ۋە بۇركۇت قانىتىدەك يېتىلگەن كۈچلۈك قوللىرى بار، بۇ قوللار ئىنسانلارنىڭ يۈرەكلىرىنى چىڭ قامالاپ، ئۇلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى



غېرىب ــ مىسكىنلىكنىڭ نېمىلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## 246

غېرىب ــ مىسكىنلىك — غەم ــ قايغۇنىڭ ھەمراھى ۋە ھەربىر مەنىۋى ھەرىكەتنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى.

## 247

ئۆسمۈرلەرنىڭ غېرىب ــ مىسكىنلىك بىلەن غەم ــ قايغۇنىڭ ھۇجۇملىرىغا تاقابىل تۇرۇۋاتقان يۈرىكى خۇددى سالقىن شامالدا لەرزان تەۋرىنىپ، تاڭ نۇرى بىلەن تەڭ بەرگىلىرىنى يايىدىغان، گۈگۈم چۈشكەندە كۆركەم لىباسلىرىنى ئاستىغا يىغىۋالىدىغان ئاپئاق پىيازگۈلگە ئوخشايدۇ. ئەگەر بىر ئۆسمۈرنىڭ ئۆز قەلبىنى سەيلىگاھلاردا پەرۋاز قىلدۇرۇشقا يېتەرلىك شىجائىتى، ئۆزى بىلەن دىلداش دوستلىرى بولمىسا، ھايات ئۇنىڭغا تار قەپەستەك بىلىنىدۇ، ئەتراپى ئۆمۈچۈك تورلىرى بىلەن قاپلانغاندەك كۆرۈنىدۇ، قۇلىقىغا ھاشاراتلارنىڭ چىرىلداشلىرىدىن باشقا نەرسە ئاڭلانمايدۇ.

## 248

دەرد ــ پىغاندىن تۆرەلمىگەن، ھەسرەت ــ نادامەتتىن جاھانغا كۆز ئاچمىغان، مۇھەببەت تەرىپىدىن خىيالىي چۈشلەر بۆشۈكىگە بۆلەنمىگەن ئىنساننىڭ ھاياتى كائىنات

كىتابى ئىچىدىكى بىر پارچە ئاق قەغەزگە ئوخشاش قۇرۇق بولىدۇ، خالاس.

## 249

بىر ئادەم هاياتنىڭ يېقىملىق يورۇقلۇقىدا تۇرۇپ مۇدھىش ئالۋاستىلارنى كۆرمىسە، ئۇنىڭ قەلبى مەڭگۈ قۇلۇپلاقلىق تۇرىدۇ، ھېچقانداق ھېس ـ تۇيغۇلارغا ئېرىشەلمەيدۇ.

## 250

ئېچىنىشلىق تەقدىر زەخىملەنگەن يۈرەكلەرنى يېقىنلاشتۇرىدۇ، ئۇلارنى ھەرقانداق شادىيانىلىكلەر بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتەلمەيدۇ. قايغۇ يىپلىرى شادلىق يىپلىرىدىن مۇستەھكەم تۇرىدۇ.

## 251

سېنىڭ ئۆز مەنپەئەتىڭ ئۈچۈن چارە ـ ئامال تاپقىنىڭ خۇددى دەرەخ يىلتىزلىرىنىڭ تۇپراقتىن ئوزۇق سۈمۈرگىنىگە ئوخشايدۇ.

## 252

ئالدامچىلىق بەزىدە غەلىبە قىلىپمۇ قالىدۇ، لېكىن ئۇ دائىم ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

253

ياۋۇزلۇق — موھتاجلىقنىڭ لەقىمى ياكى بىرخىل كېسەلدۇر.

254

بىرى سېنى مەسخىرە قىلسا، سەن ئۇنى كەچۈر؛ ئەمما سەن باشقىلارنى مەسخىرە قىلساڭ، ئۆزۈڭنى كەچۈرمە.

بىرى سېنى ئازابقا قويسا، سەن ئۇنى ئۇنتۇغىن؛ ئەمما سەن باشقىلارنى ئازابقا قويساڭ، ئۇنى مەڭگۈ ئەستە تۇت.

ماھىيەتتە باشقىلارغا ئەڭ سەزگۈرى ئۆزۈڭدۇر.

255

ئەڭ ئۇلۇغ ئادەم — باشقىلارنى باسمايدىغان ھەم باشقىلارغا بېسىلمايدىغان ئادەمدۇر.

256

يامانلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاب قىلىش ئۇلۇغ ئىش، بىز بۇنى قانۇن دەيمىز. رەزىللىك بىلەن رەزىللىكنى ئۆلتۈرۈش ھەمىشە كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، بىز بۇنى ئادالەت دەيمىز. جىنايەت بىلەن جىنايەتنى بويسۇندۇرۇش قالتىس ئىش، بىز بۇنى ھەققانىيەت دەيمىز.

## 257

يامانغا يانتاياق بولغاننىڭ ئۆزىمۇ ياخشى ئادەم ئەمەس.

## 258

ئۆزۈڭگە جىنايەت ئارتىۋالماي دېسەڭ، باشقىلارغا جىنايەت ئارتما.

## 259

سادىق بىر خىزمەتكار خوجايىنىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىگە ئارىلاشمايدۇ.

## 260

بىلىشىڭ كېرەككى، هايات — گويا بىر - بىرىگە چېتىلغان هالقىلاردىن هاسىل بولغان كىشەن؛ هالبۇكى، هەسرەت چېكىش — بۇ گۈن بىلەن كەلگۈسىنى تۇتاشتۇرىدىغان ئالتۇن هالقىدۇر. ئۇلارنىڭ بىرى رىئاللىقتا نائىلاج تەسلىم بولغان، بىرى بولسا بەختىيار ئەتىگە تەلپۈنىدۇ. بۇ هال خۇددى ئۇخلاش بىلەن ئويغىنىش ئوتتۇرىسىدا ئۇلارنى هەم بىر - بىرىدىن ئايرىپ تۇرغان، هەم بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرغان تاڭ نۇرىنىڭ هالىغا ئوخشايدۇ.

## 261

دوستۇم! نامراتلىق قەلبىنىڭ ئالىيجانابلىقىنى نامايان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



قىلالايدۇ؛ باي بولۇش — قەلبىنىڭ پاسكىنىلىقىنى ئىچىپ تاشلايدۇ. ھەسرەت چېكىش — ئادەمنى كەمتەر، ئاق كۆڭۈل قىلىدۇ؛ ئادەملەرنى يېقىنلاشتۇرىدۇ. راھەت كۆرۈش ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ، كاللىنى قايمۇقتۇرىدۇ. چۈنكى، ئادەملەر ھامان كۆڭلىنى شاد قىلىشنى، مال ـ دۇنيا تېپىشنى ئويلايدۇ، نەپسى تويمايدۇ. مەسىلەن: ئۇلار مۇقەددەس كىتابلارنى قالقان قىلىپ تۇرۇپ جىنايەت ئۆتكۈزىدۇ، مۇقەددەس كىتابلارمۇ ئۇلارنى جىنايەتتىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك نامى بىلەن قىلغان قۇۋلۇق ـ شۇملۇقلىرى ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ئىنسانپەرۋەرلىككە يېقىن كەلمەيدۇ.

## 262

ناۋادا، نامراتلىق ۋە قايغۇ ـ ھەسرەت ئىز ـ شەپىسىز يوقىلىپ كەتسە، قەلب بىر پارچە ئاق قەغەزگە ئايلىنىپ قالىدۇ ـ دە، ئۇنىڭدا پەقەت شەخسىيەتچىلىك ۋە ئاچ كۆزلۈكنى بىلدۈرىدىغان سانلار، شۇنداقلا ھايۋانلارنى سۆيەتلەيدىغان گەپ ـ سۆزلەردىن باشقا ھېچنېمە بولمايدۇ. چۈنكى، مەن بايقىدىمكى، روھ — ئىنساننىڭ روھىي ماھىيىتىنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، بايۋەچچىلەرنىڭ شاد ـ خۇراملىرىمۇ ئۇنى پەيدا قىلالمايدۇ؛ مەن كۆزىتىش ئارقىلىق بايقىدىمكى، كاتتا سودىگەرلەرنىڭ پۇتون ئەس ـ يادى ئالتۇن ـ يامبۇدا، ئۇلار روھنى ئاللىقاچان بىر ياققا

چۆرۈۋەتكەن، بايۋەچچىلەرمۇ ئۇنداق روھ دېگەننى يىراققا چۆرۈۋېتىپ ئەيش ــ ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكەن.

## 263

ئەگەر مەن ۋەتەن بېغىدىكى بىر دانە پىشقان مېۋە بولسام ئىدىم، ئاچ ئاياللار مېنى يەپ، قورسىقىنى ئارام تاپقۇزغان بولار ئىدى.

## 264

ئەگەر مەن ۋەتەن ئاسمىنىدا ئۇچقان بىر قۇش بولسام ئىدىم، ئاچ يىگىتلەر مېنى ئېتىپ يەپ، ئۆزىنى چاقىرىۋاتقان قەبرە يېنىدىن يىراق كېتەر ئىدى.

## 265

زېمىن سىلەرگە ئۆز مېۋىسىنى تەقدىم قىلىدۇ، ئەگەر سىلەر ئۇنى يالغۇز ئىگىلىۋالماقچى بولساڭلار، ئۇ سىلەرگە نېسىپ بولمايدۇ. زېمىننىڭ سوۋغىلىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرساڭلار، ئۇ چاغدا سىلەر مولچىلىق ھەم قانائەت ھېس قىلىسىلەر.

## 266

«ئېلىم ــ سېتىم»دىن دېڭىز قىرغىقى بىلەن تاغ چوققىسى ئارىلىقىدا بىر مەخپىي تونېل بار، سىلەر زېمىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى



ئـوغلى بىـلەن بىـر گەۋدىـگە ئايلىنىـشتىن بـۇرۇن، ئاشـۇ تونىلدىن ئۆتۈشۈڭلارغا توغرا كېلىدۇ.

## 267

بىر سىقىم مۇنبەت تۇپراقنى قولۇڭغا ئالغىنىڭدا، سەن ئۇنىـڭ ئارىـسىدا بىـرەر تـال ئـۇرۇق ياكى قۇرتنىـڭ بـار ــ يوقلـۇقىنى بايقىغـانمۇ؟! مۇبـادا ئالىقىنىـڭ يېتەرلىـك دەرىجىـدە كېڭىيىـپ ھەمـدە يېتەرلىـك ۋاقىـت ئېچىلىـپ تۇرالىـسىلا، بەلكىـم ئـۇرۇق ئورمانلىققا، قـۇرت پەرىـشتىگە ئايلىنىـشى مـۇمكىن. ئاشـۇ نۇرغـۇن ئـاي ــ يىللارنىـڭ ئـــۇرۇقنى ئورمانلىققـــا، قـــۇرتنى پەرىــــشتىگە ئايلاندۇرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، ئاشۇ ئـاي ــ يىللار پەقەت بىـر دەقىـقە ــ بىـر دەقىقىـدىن كـۆزنى يۇمـۇپ ــ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدۇ.

## 268

زېمىـن نەپەسلەنـسە، بىـز مەۋجـۇت بولـۇپ تـۇرالايمىز، زېمىن نەپەسنى توختاتسا، بىز ئۆلىمىز.

## 269

ئـاھ زېمىـن! سـەن نەقەدەر سـېخىي، نەقەدەر كەڭ قورساق! سەن ئۆز ماھىيىتىڭدىن چەتلەپ، شۆھرەتپەرەسلىك خىياللىرىغـا بېرىلگەن، ئۆزلىرىنىـڭ يېتەلىگەن ۋە

يېتەلمىگەن نىشانلىرىنىڭ ئارىلىقىدا ئېزىپ قالغان بىزدەك پەرزەنتلىرىڭگە نەقەدەر ھېسداشلىق قىلىسەن ـ ھە!

بىز غەلۋە قىلساق، سەن كۆلدۈڭ!
بىز چىڭ تۇرساق، سەن ئىنكار قىلدىڭ!
بىز ئاياغ ئاستى قىلساق، سەن بەخت تىلىدىڭ!
بىز قارا چاپلىساق، سەن مەدھىيىلىدىڭ!

بىز شېرىن ئۇيقۇغا كەتسەكمۇ، چۈش كۆرمىدۇق، بىراق سەن مەڭگۈلۈك ئويغاقلىقتا چۈش كۆرىسەن.

بىز قىلىچ ـ نەيزىلەر بىلەن سېنىڭ كۆكرىكىڭنى يارا قىلدۇق، بىراق سەن ماي ۋە دورىلارنى بىزنىڭ يارىمىزغا سۇرتۇپ قويدۇڭ.

بىز ئېستاكانلارنى ھويلاڭغا تاشلىدۇق، بىراق سەن ئۇلاردىن سۇۋادان تېرەك ۋە سۆگەتلەرنى ئۆستۇردۇڭ.

چىرىپ كەتكەن جەسەتلەرنى ساڭا ئامانەتكە تاپشۇردۇق، بىراق سەن بىزنىڭ خامىنىمىزغا زىرائەت دانلىرىنى تاغدەك دۆۋىلىۋەتتىڭ، مەيخانىلىرىمىزنى شېرىن ئۈزۈملەرگە توشقۇزدۇڭ.

بىز سېنىڭ دىدارىڭنى خۇن بىلەن بۇلغىدۇق، بىراق سەن بىھوش دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن يۈز ـ كۆزلىرىمىزنى يۇدۇڭ.

بىز سېنىڭ ئېلېمېنتلىرىڭنى ئايرىۋېلىپ، مىلتىق، زەمبىرەكلەرنى ياسىدۇق، بىراق سەن بىزنىڭ

ئىلىمىنتلىرىمىزنى تىرىپ يىغىپ، قىزىلگۈل ۋە گۈلسامساقلارغا ئايلاندۇردۇق.

270

كۆكتۇلدە ھېچقانداق ئارىلىق مەۋجۇت ئەمەس. پەقەت ئۇنتۇش ئىچىدىلا بىر چوڭقۇر ھاڭ بار، ئۇنىڭ قاش — قىرغىقىغا ئۇنتۇغۇچىلارنىڭ ئاۋازى ۋە كۆز نۇرى يەتمەيدۇ.

271

ئەگەر سىز بىرلا ۋاقىتتا قەلبىڭىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمى بىلەن ئاسماننىڭ ئىگىزلىكىنى ئۆلچەيدىغان بولسىڭىز، ئۇ چاغدا سىز ئوخشاش بىر مېلودىيىنى — تاش بىلەن يۇلتۇزلار بىرلىكتە ۋايىغا يەتكەن ئاھاڭ ۋە ئاۋازدا ئورتاق ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايسىز.

272

روھىي ئويغىنىشنىڭ بولۇشى — ئادەمنىڭ كۆكتۇل ئارزۇسى، شۇنداقلا ياشاشنىڭ مەقسىتى.

273

ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى بەلكىم ۋاقىتلىق ھادىسىدۇر. ئەمما، ئەبەدىيلىك قانۇنىيەت بولسا، ھەرخىل ھادىسىلەرنى مۇتلەق ماھىيەتلىك نەرسىلەرگە ئايلىنىشنىڭ

پەلەمپىيىگە يېتەكلەيدۇ.

274

سەن بىرلا يۇمشاق كۆڭۈلگە رازىمۇسەن؟ ئۇ بوران — چاپقۇندا داۋالغۇيدۇ، ئەمما سۇنمايدۇ؛ ئۇ شامالدا يەلپۈنىدۇ، ئەمما قومۇرۇلۇپ كەتمەيدۇ. سەن مېنىڭ كىشىنى قۇلمۇ قىلمايدىغان، ئۆزىمۇ قۇل بولمايدىغان ئادەمگە ئايلىنىشىمنى خالامسەن؟!

275

مانا بۇ مېنىڭ قولۇم، سەن يۇمران، ئاپئاق قوللىرىڭ بىلەن ئۇنى ئاستا سىلىغىن! مانا بۇ مېنىڭ جىسمىم، ئۇنى ئىللىق قۇچاقلىرىڭ بىلەن قۇچاقلىغىن! مانا بۇ مېنىڭ لەۋلىرىم، قانغۇدەك سۆيگىن، ئۇزاقراق سۆيگىن، ئەمما گەپ — سۆز قىلمىغىن.

276

جىم بول يۈرىكىم، ھاۋا سېنىڭ نەپەسلىرىڭنى قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇ سېسىق پۇراقلارغا تولۇپ بىتاب بولغان.

277

مەن ئۆز روھىمغا يەتتە قېتىم نەپرەتلەنگەندىم:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بىرىنچى قېتىم، ئۇ يۇقىرىغا ئۆرلەشنى ئۆتۈنۈۋېتكەندە؛
ئىككىنچى قېتىم، ئۇ توكۇر ئالدىدا ئاقساپ ماڭغاندا؛
ئۈچىنچى قېتىم، ئۇ جاپا ۋە ئاسانلىق ئالدىدا ئاسانلىقنى تاللىغاندا؛
تۆتىنچى قېتىم، ئۇ خاتالىشىپ، ئۆزگە باشقىلارمۇ خاتالىشىپ قالىدۇ، دەپ تەسەللى بەرگەندە؛
بەشىنچى قېتىم، ئاجىزلىقتا باش ئېگىپ، ئۇنى قەيسەرلىك دەۋالغاندا؛
ئالتىنچى قېتىم، ئۇ بىر سەت چىراينى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ نىقابلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بىلمەي نەپرەتلەنگەندە؛
يەتتىنچى قېتىم، ئۇ بىر مەدھىيە ناخشىسىنى ئوقۇپ، بۇنى بىر ئېسىل ئەخلاق دەپ ئىشەنگەندە.

## 278

بەدەننىڭ پاسكىنىلىقى پاك قەلبكە داغ چۈشۈرەلمەيدۇ، قار دۆۋىلىرى هايات ئۇرۇقىنى توڭلىتىۋېتەلمەيدۇ. هايات بىر غەم ــ ئەندىشە خامىنى، بۇيۇك بىر قەلب ئۆزىنىڭ نېمەتلىرىنى تەقدىم ئېتىشتىن ئاۋۋال ئاشۇ هايات خامىنىدا پايخان قىلىنىدۇ. ئەمما، خامانىنىڭ سىرتىدا قالغان دانلار تولىمۇ زەبۇن هالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇ دانلارنى يا چۈمۈلە ئەكېتىدۇ، يا ئۇچار قۇشلار يەپ كېتىدۇ، ئېتىزلارنىڭ خوجايىنى بولغان دېهقانلارنىڭ ئامبارلىرىغا

كىرەلمەيدۇ.

## 279

قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلىپ، كىشىلەر بىزار بولغان نەرسىلەرنى سۆيۈشنى، كىشىلەر ئۆچمەنلىك قىلغان كىشىنى سەمىمىي ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگەتتى. ئۇ ماڭا سۆيگۈنىڭ سۆيگۈچىنىڭ ئارتۇقچىلىقى بولماستىن، بەلكى سۆيۈلگۈچىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلىشتىن ئىلگىرى مۇھەببەت مەن ئۇچۇن يېقىن تۇرغان ئىككى تۈۋرۈككە چىڭ تارتىپ باغلىغان بىر تال ئىنچىكە يىپ ئىدى. بىراق، ئەمدىلىكتە مۇھەببەت باشلىنىشنىڭ ئۆزى ئاياغلىشىش، ئاياغلىشىشنىڭ ئۆزى باشلىنىش بولغان بىر نۇر چەمبىرىكىگە ئايلاندى. ئۇ مەۋجۇت بولغان ھەممە نەرسىلەرنىڭ چۆرىسىدە ئايلىنىدۇ ھەمدە ئاستا ــ ئاستا كېڭىيىپ، پەيدا بولۇش ئالدىدا تۇرغان ھەممە شەيئىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 280

قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلىپ، شەكلى، رەڭگى ۋە تاشقى كۆرۈنۈشى يېپىۋالغان گۈزەللىكنى كۆرۈشنى، كىشىلەر كۆرۈمسىز دەپ قارىغان نەرسىلەرنى تا گۈزەل نەرسىلەرگە ئايلانغانغا قەدەر سىنچىلاپ كۆزىتىشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئۆگەتتى. قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلىشتىن ئىلگىرى مەن كۆرگەن گۈزەللىك موردىن چىققان ئىس — تۈتەكلەر ئارىسىدا تىترەپ تۇرغان ئوت يالقۇنىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئەمدىلىكتە ئىس — تۈتەكلەر غايىب بولدى، مەن پەقەت لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان نەرسىلەرنى كۆردۈم.

## 281

قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلىپ، ئېغىز ۋە كانايدىن چىقمىغان سادانىمۇ ئاڭلاشنى ئۆگەتتى. قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلىشتىن ئىلگىرى مېنىڭ قۇلىقىم ئېغىر بولۇپ، پەقەت ۋاراڭ — چۇرۇڭ، غوۋغا — چۇقانىلا ئاڭلايتتىم. لېكىن، ئەمدىلىكتە مەن جىمجىتلىقنىمۇ ھەمدە خور ئۈمىكىنىڭ يىللارغا ۋە كائىناتقا ئېيتىۋاتقان مەدھىيە ناخشىسىنىمۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ خىلۋەتتىكى سىرلىرىنىمۇ ئاڭلىيالايدىغان بولدۇم.

## 282

ھېسسىياتلىق، سەزگۈر يۈرەك باراقسان شەمشاد دەرىخىگە ئوخشايدۇ. شەمشادنىڭ ئوبدان چوڭ بولۇۋاتقان بىر تال شېخى سۇنۇپ كەتسە، پۈتۈن تېنى سىرقىرايدۇ، ئەمما ئۇ ئۇنىڭلىق بىلەن قۇرۇپ كەتمەيدۇ، سۇنۇپ كەتكەن شېخىغا بېرىۋاتقان قۇۋۋەتنى يەنە بىر شېخىغا بېرىپ، سۇنغان شاختىن قالغان جاراھەت ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنى

تېخىمۇ باراقسان، كۆچلۈك قىلىپ يېتىشتۈرۈپ كېتىدۇ.

## 283

يۈرىكى پارە ــ پارە بولۇۋاتقان بىر ئادەم ئۆز تەقدىرىگە ئوخشاش تەقدىردىكى ئادەمنىڭ يۈرىكىنى قانداق قىلىپ بەزلىيەلىسۇن؟! يۇرەك ــ باغرى ئازابتىن يوپۇرماقتەك تىترەپ تۇرغان بىر ئاجىزە ئۆز قىسمىتىگە ئوخشاش قىسمەت كۆرگەن قوشنىسىنىڭ تارتىۋاتقان ئازابلىرىغا ھەرگىزمۇ چىداپ تۇرالمايدۇ، كەپتەر چېغىدا سۇنغان قانىتى بىلەن ئۇچالمايدىغۇ!

## 284

يالقۇن ئىچىدە تاۋلانغان، كۆز ياشلىرى بىلەن يۇيۇلغان يۈرەك ھەرقانداق سەۋەنلىك ۋە نومۇسلۇق ئىشلاردىن قورقمايدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ھېس ــ تۇيغۇلىرىغا ئەنئەنە بەلگىلەپ بەرگەن ھەرخىل ئەمرىمەرۇپلارنىڭ قولللۇقىدىن قۇتۇلۇپ، ئەۋلىيالارنىڭ ئالتۇن تەختلىرى ئالدىدا قەددىنى رۇس تۇتۇپ تۇرالايدۇ.

## 285

ئەگەر مەن دوستۇم بىلەن ئۇلتۇرسام، ئۇچىنچى كىشى سۆز بولىدۇ. ئەگەر مەن دۈشمىنىم بىلەم ئۇچراشسام، سۆز كۆپىيىپ ئۆزىراپ كېتىدۇ ــ دە، بېشى شەرقتە، ئايىغى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى



غەربتە يۈرىدىغان ھەيۋەتلىك قوشۇنغا ئايلىنىدۇ. ئەگەر مەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلاي دەپ يىراققا سەپەر قىلسام، سۆزلەرنىڭ ئەكس ساداسى مىنى قوغلاپ ئارام بەرمەيدۇ، خۇددى ئاشقازىنىم ھەزىم قىلالمىغان تامىقىمدەك ئىچىمدە تېنەپ ــ تەمتىرەپ يۈرىدۇ. مەن سوت، ئىنىستىتۇت ۋە مەكتەپلەرگە بارسام، سۆز ۋە ئۇنىڭ ئاكا ــ ئۇكىلىرىنىڭ ئالدامچىلىققا تون، ھىيلە ــ مىكىرگە نىقاب، جۇملىلەرگە ئاياغ كىيدۈرۈپ قويغانلىقىنى كۆرىمەن.

مەن زاۋۇت، ئىدارە ــ ئورگان، ئىشخانىلارغا بارسام، سۆزلەرنىڭ ئانىلىرىنىڭ، ھاممىلىرىنىڭ، موملىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىلىن كالپۇكلىرى ئارىسىدىكى تىلىنى مىدىرلىتىپ تۇرغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ سۆزلەر ۋە ماڭا قاراپ كۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرىمەن. مەن ئىبادەتخانا، چېركاۋلارغا بارسام، سۆزلەرنىڭ ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن ياسالغان ئىپسىل تاجنى تاقاپ تەختتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرىمەن.

كەچقۇرۇندا ئۆيگە قايتىپ كەلسەم، كۇندۇزى ئاڭلاپ زېرىككەن سۆزلەرنىڭ خۇددى يىلانلاردەك تورۇستىن ساڭگىلاپ تۇرغانلىقىنى، خۇددى چاياندەك تەرەپ ــ تەرەپتە كۆپىيىۋاتقانلىقىنى كۆرىمەن.

## 286

سۆزمەنلەر بىر خىللا بولسا ئىدى، مەيلى ئىدى، تولىمۇ ئەپسۇسكى، سۆزمەنلەرنىڭ تۈرى كۆپ.

پاقا قىياپەتلىك سۆزمەنلەر. ئۇلار كۈندۈزى سازلىقلاردا ياشايدۇ، كۈن ئولتۇرۇشى بىلەن تەڭ قىرغاققا يېقىن كېلىپ بېشىنى سۇدىن چىقىرىپ، تاڭ ئاتقۇچە كوركىراپ ئادەمنى بىزار قىلىدۇ.

پاشا قىياپەتلىك سۆزمەنلەر. بۇلارمۇ سازلىقتىن پەيدا بولىدۇ، ئادەمنىڭ قۇلىقىدىن نېرى كەتمەي ئادەمنىڭ جېنىغا تېگىدىغان، يېقىمسىز ئىنچىكە تاۋۇش بىلەن غىڭىلداپ ئادەمنى جاندىن جاق تويدۇرىدۇ.

چاقماق قىياپەتلىك سۆزمەنلەر. بۇلار غەلىتە بولۇپ، ھەربىرى قورسىقىدا ئۆز چوتىنى سوقىدۇ. ئۇلارنىڭ قورسىقىدا زەمچە ۋە ئىسپىرت بىلەن ئايلىنىدىغان تاش بار.

كالا قىياپەتلىك سۆزمەنلەر. بۇلار ئوت — چۆپنى تويغۇدەك يەپ، كوچا دوقمۇشلىرىغا چىقىدۇ — دە، ئۇزۇلدۇرمەي مۆرەيدۇ. ئۇلارنىڭ مۆرەشلىرى سۇ كالىلىرىنىڭ ئەڭ قوپال مۆرەشلىرىدىنمۇ ياماندۇر.

ھۇۋقۇش قىياپەتلىك سۆزمەنلەر. ئۇلار مۇتلەق كۆپ ۋاقتىنى تۇرمۇشنىڭ قەبرىلىرى ئارىسىدا ئۆتكۈزىدۇ، كېچىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ھۇۋلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ يېقىملىق ئاۋازىمۇ ھۇۋقۇشنىڭ سايرىشىدىن سەتتۇر.

ھەرە قىياپەتلىك سۆزمەنلەر. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى تۇرمۇشتىكى ياغاچ ماتېرىياللىرىغىلا چۈشىدۇ، كۈن بويى تۇرمۇشنى پارچىلايدۇ، چىقارغان ئاۋازلىرىنىڭ ئەڭ ھۇزۇرلۇقلىرىمۇ ياغاچ تىلغاندىكى ھەرە ئاۋازىدىن ناچاردۇر.

www.uyghurkitap.com



دۇمباق قىياپەتلىك سۆزمەنلەر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قورساقلىرىغا يوغان كالتەك — توقماقلار بىلەن ئۇرۇپ، ئېغىزلىرىدىن دۇمباق ئاۋازىدىنمۇ قوپال ئاۋازلارنى چىقىرىدۇ.

بىكار تەلەپ سۆزمەنلەر. ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىش — كۆشى يوق. نەدە بوش ئورۇن بولسا، شۇ يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ پاراڭ سوقىدۇ. نېمە دېگىنىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

بىمەنە سۆزمەنلەر. ئۇلار كىشىلەرنى تېپىشماق تېپىشقا سالىدۇ. ئۆزلىرىمۇ تاپىدۇ ھەمدە يۇمۇر دەۋېلىپ ياردەم سورايدۇ. ھالبۇكى، يۇمۇر جىددىي نەرسە، ئەمما ئۇلار بىلمەيدۇ.

ئۇرچۇق قىياپەتلىك سۆزمەنلەر. ئۇلار شامالدىن پايدىلىنىپ رەخت توقۇيدۇ، ئەمما ئۆزلىرى ئىشتانسىز.

قوڭغۇراق قىياپەتلىك سۆزمەنلەر. ئۇلار كىشىلەرنى ئىبادەتخانىغا كىرىشكە ئۈندەيدۇ، لېكىن ئۆزلىرى ئۇ يەرگە كىرمەيدۇ. دېمەك، «ھەممە ئىشنى موللا بىلىدۇ، بىلىپ تۇرۇپ كۆلگە سىيىدۇ».

قارىغوجا قىياپەتلىك سۆزمەنلەر. بۇنداق سۆزمەنلەر توغرۇلۇق شائىرلار: «ئۇچار — ئۇچمايلا ئۆزىنى لاچىن سانار» دەپ يازغان.

**مەجمۇئە ئىسمى :** مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئېيتقانلىرى مەجمۇئەسى
**كىتاب ئىسمى :** جىبران مۇنداق دەيدۇ
**پىلانلىغۇچى :** مۇرات ئىلى
**باش تۈزگۈچى :** ئادىل مۇھەممەت
**تۈزگۈچى :** ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
**تەكلىپلىك مۇھەررىر :** خاسىيەت ئىبراھىم
**مەسئۇل مۇھەررىر :** ئەنۋەر قۇتلۇق
**مەسئۇل كوررېكتورى :** قەييۇم تۇرسۇن
**نەشرىيات :** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى :** ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى :** 830000
**تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**زاۋۇت :** شىنجاڭ شىنبوۋېن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**فورماتى :** 880×1230 مىللىمېتىر 32/1
**باسما تاۋىقى :** 3 باسما تاۋاق
**خەت سانى :** 51 مىڭ خەت
**نەشرى :** 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى :** 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978—7—80744—442—8
**باھاسى :** 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)